

# يېڭى رۇبائىيلار

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# يېڭى رۇبائىيلار

تۈزگۈچى: تېيىپجان ئېلىيېۋ



مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

# يېڭى رۇبائىيلار

تۈزگۈچى: تېيىپجان ئېلىيېۋ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.74 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# مۇندەرىجە

**تېيىپجان ئېلىيېۋ**
كىرىش سۆز ............ (1)
**ئابدۇرەھىم قاسىم**
ئون تۆت رۇبائىسى .......... (1)
**ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر**
يىگىرمە توققۇز رۇبائىسى ....... (5)
**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر**
ئىككى رۇبائىسى ............ (12)
**ئابدۇسەمەت خېلىل**
ئىككى رۇبائىسى ............ (13)
**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن**
ئالتە رۇبائىسى ............ (14)
**ئابدۇكېرىم خوجا**
ئون سەككىز رۇبائىسى ......... (16)
**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**
ئون بىر رۇبائىسى ........... (21)
**ئابدۇللا ساۋۇت**
ئۈچ رۇبائىسى ............ (24)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئۈچ رۇبائىي ............ ( 25 )
ئابدۇۋەلى ئېلى
ئىككى رۇبائىي ............ ( 26 )
ئابلەھەت ئابدۇللا
ئۈچ رۇبائىي ............ ( 27 )
ئابلىمىت ھاجى
ئۈچ رۇبائىي ............ ( 28 )
ئابلىز ھوشۇر
ئۈچ رۇبائىي ............ ( 29 )
ئابلىز ئۆمەر
ئىككى رۇبائىي ............ ( 30 )
ئابلىكىم خېۋىر
ئىككى رۇبائىي ............ ( 31 )
ئارسلان
يەتتە رۇبائىي ............ ( 32 )
ئەرشىدىن تاتلىق
ئۈچ رۇبائىي ............ ( 34 )
ئەنۋەر ئابدۇرەھىم
ئىككى رۇبائىي ............ ( 35 )
تۇردى سامساق
توققۇز رۇبائىي ............ ( 36 )

تېيىنجان ئېلىيېۋ
ئوتتۇز رۇبائىي ............ (39)
ترىك
ئىككى رۇبائىي ............ (46)
جاپپار ئەمەت
ئىككى رۇبائىي ............ (47)
جىلىلى
ئۈچ رۇبائىي ............. (48)
ر.جارى
ئۈچ رۇبائىي ............. (49)
رەخىم قاسىم
ئىككى رۇبائىي ............. (50)
روزى سايىت
ئون ئىككى رۇبائىي ........ (51)
روزى نىياز
ئۈچ رۇبائىي ............. (54)
رىشىت مەخسۇت
ئۈچ رۇبائىي ............. (55)
زوقمەن
ئىككى رۇبائىي ............ (56)
سادىن سادىر
ئىككى رۇبائىي ............ (57)

سەلەي قاسىم
بىر رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 58 )
سەمەت دۇگايلى
ئون بىررۇبائىي . . . . . . . . . . . . ( 59 )
سەيپىدىن ئەزىزى
يىگىرمە بىر رۇبائىي . . . . . . . . . ( 62 )
غەنىزات غەييۇرانى
ئىككى رۇبائىي . . . . . . . . . . . . ( 68 )
قادىر ھاپىز
ئۈچ رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 69 )
كېرەم مىجىت
ئۈچ رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 70 )
ماخمۇت زەيدى
ئىككى رۇبائىي . . . . . . . . . . . . ( 71 )
ماخمۇت مەھەممەت
ئالتە رۇبائىي . . . . . . . . . . . . ( 72 )
مەھەممەت رەھىم
ئون يەتتەرۇبائىي . . . . . . . . . . ( 74 )
نەمەت ناسىر
بەش رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 78 )
ھاكىم جاپپار
بەش رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 80 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

**هوشۇر ئىبراھىم**

ئىككى رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 82 )

**ئوسمانجان ساۋۇت**

بەش رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 83 )

**ئىمىن تۇرسۇن**

ئۈچ رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 85 )

**ياسىن خۇدابەردى**

يەتتە رۇبائىي . . . . . . . . . . . . . ( 86 )

# كىرىش سۆز

## تېيىپجان ئېلىيېۋ

رۇبائىي — ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن مۇستەقىل مەزمۇنغا ئىگە تۆت مىسرالىق لىرىك شېئىرىي ژانىرنىڭ نامى. ئۇنىڭدا تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى ياكى (ئاز دېگەندە) 1 — ، 2 — ، 4 — مىسرالارنىڭ قاپىيىداش بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. كلاسسىك رۇبائىيلار كۆپىنچە ئارۇز ۋەزنىنى ھەزەج بەھرىنىڭ "ئەخرەم" (يەنى "مەفئۇلۇن — مەفائىلۇن — مەفائىلۇ — فەئۇل"، "مەفئۇلۇن — مەفئۇلۇ — مەفائىلۇ — فەئۇل"غا ئوخشاش)، "ئەخرەب" (يەنى "مەفئۇلۇ — مەفائىلۇن — مەفائىلۇن — فەئ"، "مەفئۇلۇ — مەفائىلۇ — مەفائىلۇ — فەئۇل"غا ئوخشاش) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ ھەربىر رۇبائىيدىكى مىسرالارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ۋەزىن شەكلىدە يېزىلىشى شەرت قىلىنغان ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

رۇبائىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە ژانىر. ئۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقى ئەنئەنىسى زېمىنىدا ھەمدە ئەرەب، پارس رۇبائىيچىلىقى تەسىرىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان. بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا رۇبائىينىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك»تىن كۆرىمىز. مۇكەممەل رۇبائىي ئۈلگىسىنى بولسا مەۋلانا لۇتفىي ياراتتى، ئەلشىر ناۋايى ئۇنى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. زەلىلى، نەۋبەتىي، تەجەللىي قاتارلىق شائىرلارمۇ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىق خەزىنىسىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، رۇبائىي مىللىي ئەدەبىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلماقتا.

رۇبائىي ئۆز تەرەققىياتى تارىخىدا، كۆپىنچە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ، پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ، دىداكتىكا ـ ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ، شۇنىڭ‐دەك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى نازۇك

تۇيغۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جىلۋىلەن-
دۈرۈپ كەلدى. ئەنئەنىلىك ئاساسىي تېماتىك
مەزمۇنى جەھەتتىن، رۇبائىينى ئەقلىيە شېئىرى
دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. بىز بۇنىڭ ئەڭ تىپىك
ئۈلگىلىرىنى "رۇبائىيچىلىقنىڭ پىرى" دەپ
ئاتالغان ئۇلۇغ پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام
رۇبائىيلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرىمىز. ئۇ
ئۆزىنىڭ نۇرغۇن رۇبائىيلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ
ئەڭ مۇھىم ۋە نازۇك، مۇرەككەپ مەسىلە-
لىرىگە، بولۇپمۇ "تەقدىر" ھەققىدىكى (مەسى-
لەن، "تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ" دېگەنگە
ئوخشاش) ھۆكۈمران خۇراپىي ئېتىقادنىڭ
بىمەنىلىكىنى، ئاخىرەت ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى
پاش قىلىشقا بېغىشلىدى.

مەسىلەن:

ئەزەلدە لېيىمنى يۇغارغىنىدا،
پەيلىمنى بەلگىلەپ قويغانغۇ خۇدا.
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم،
خوش، نېچۈن مەھشەردە بېرىدۇ
جازا.

ئەپسۇس، يورۇق ئۆمرۈم قارا تۈن
بولدى،
ئەجەل دەستىدىن كۆپ جىگەر خۇن
بولدى.
ئۇ دۇنيادىن كېلىپ ئېيتمىدى ھېچكىم،
كەتكەنلەر بېشىدا قانداق كۈن
بولدى①.

شۇنىڭدەك ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئەكسىيەتچىل تەسەۋۋۇفنىڭ بۇ دۇنيا (يەنى رېئال دۇنيا) ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەم "ھېچنىمە" دېگەن سەپسەتىسىگە قارشى رېئال ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ رېئال دۇنيادىكى پائالىيىتىنى، رېئال ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، نادان، جاھىل زاھىدلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالدامچى سەپسەتە ۋە ھەرىكەتلىرىنى مەسخىرىلەش سادىسى كۈچلۈك ياڭراپ تۇرىدۇ. ساددا ماتېرىيالىزم تۈسىنى ئالغان بۇ خىل پىكىرلەر ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال-ئىلاھىيەت جاھالەتچىلى-

---

① مىسالغا كەلتۈرۈلگەن ئۆمەر ھەييام رۇبا-ئىيلىرى ئەسلى ۋەزنى بويىچە ئەمەس، بارماق ۋەزنىدە تەرجىمە قىلىنغان.

كىگە قارشى زور پارتلاش خاراكتېرىگە ئىگە قۇدرەتلىك مەنئۇى گۈلدۈرماما ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسۇلمان شەرقىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا مەنسۇپ بولغان بۇنداق زور بۆسۈش رۇبائىيدا ئالاھىدە گەۋدىلەندى.

چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم بىر بەلگە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى رۇبائىي ژانىرىنىڭ بىرقەدەر ئىزچىل ئورۇن ئالغانلىقىدا. رۇبائىيچىلىق بۇ ئەدەبىياتنىڭ پىكرىي بايلىقىنى ئاشۇردى، ھۆسنىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى. بۇ جەھەتتە ئەلشىر ناۋائىينىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن رۇبائىيلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلىرىنى، ئىنسانىيەتكە ئورتاق نۇرغۇن مۇرەككەپ مۇئەممالارنى مۇتەپەككۇر سەنئەتكارغا خاس ئىقتىدار بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

بىز ناۋائىي رۇبائىيلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئۆمەر ھەييام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن رۇبائىيچىلارنىڭكىگە ئوخشاش، مەي تەلقىنى كەڭ ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى مەي تەلقىنى بۇ خىل شائىرلارنىڭ

غايىۋى-ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، جۇملىدىن ناۋايىنىڭ پوئېتىك تەسەۋۋۇرىدىمۇ مەي ئاراملىق تىمسالى، بۇنداق ئاراملىق، يەنى مەس بولۇش بىلەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پالاكەتلەر ئازابىنى سەزمەس بولۇۋېلىش، جاھان تەشۋىشلىرىدىن خالىي بولۇش خاھىشى، گەرچە پاسسىپ خاھىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، شۇنىڭدەك مەي تەلقىنىنى بىر خىل پوئېتىك ۋاستە دەپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تەكتىدە يەنىلا جاھالەتكە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. مەسىلەن، بىز مۇنۇ رۇبائىيىنىمۇ شۇ نۇقتىدىن چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە:

ساقى، بەدەنىنى غەم تىغى قىلدى
شىگاف،
قانىم بارى ئاقتى، تۇتما ئۆزەگنى
مەئاف.
تۇتقىل بەدەلى مايە تەھەللەل
مەيى ساف،

تا مەس قىلاي غەم قىلاي چېرىكى
بىرلە مەساق①.

شۇنىڭدەك، ناۋايىنىڭ مەيگە باغلىنىشلىق نۇرغۇن رۇبائىيلىرىدا ئاخىرەت ئەپسانىسى ۋە جاھىل زاھىدلارنىڭ رىياكارلىقىغا قارىتا ئۆتكۈر، ئاچچىق ئىستىھزا، مەسخىرىلىك دوق ياڭرايدۇ. مەسىلەن:

زاھىد، ساڭا ھۇرۇ، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانە
كېرەك.

. . . . . . . . . . . .

ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ناۋايى رۇبائىيلىرىنىڭ مەنىۋى جەۋھىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ "ئادەمنى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى، ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى" دېگەن ئۇلۇغ پىكرىنى رۇبائىيلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. سەمىمىيلىك، مەردلىك، ۋاپادارلىق، كەمتەر-

---

① نەسرى يەشمىسى: بەدىنىمنى غەم تىغى تەشتى، ھەممە قېنىم ئاقتى. ساقى، ئۆزەڭنى قويۇپ، ماڭا بۇ ھالال سەرمايەم (چىقىم) بەدىلىگە ساپ مەي بەرگىن، مەس بولۇپ غەم لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشاي.

لىككە ئوخشاش ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتكە، رېئال ئىنسانىي مۇھەببەتكە مەدھىيە چاچقۇسى چاچىدۇ. رىياكارلىق، خۇشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، تەمەخورلۇق، مەنسەپلىك، ۋاپاسىزلىققا ئوخشاش خۇنۇك، رەزىل ئىللەتلەرگە نەپرەت ئوقىنى ياغدۇرىدۇ، مەسخىرە تىغىنى سانجىيدۇ. قىسقىسى، ناۋايى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن، تۇرمۇشنى مۇتەپەككۇر سەنئەتكار سۈپىتىدە كۆزىتىشلىرىدىن ھاسىل قىلغان ئەقلىي يەكۇنلىرىنى رۇبائىي سەنئىتى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە بىباھا پىكىر دۇردانىلىرىنى تەقدىم قىلىدى. شۇڭىدەك ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا كۆپلىگەن مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىغا، جۈملىدىن رۇبائىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىز زەلىلى، نەۋبەتى، تەجەللى رۇبائىيلىرىدىمۇ بۇ تەسىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي راۋاجىنى كۆرىمىز.

رۇبائىي ئۆزىگە خاس شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە، بەدىئىي شەكىلگە ئىگە. ئۇنىڭدىمۇ نازۇك ھېسسىيات، چوڭقۇر تەپەككۇر، باراق-

سان تەسەۋۋۇرغا ئۇرالغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى رۇبائىيلاردا دىداكتىك تەلقىن لىرىك تەلەپپۇز بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، بەزىلىرىدە تەمكىن روھ يۇمورلۇق پافوس بىلەن جىلۋىلىنىدۇ، بەزىلىرىدە ساددا تەسەۋۋۇردىن چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەت ھاسىل بولىدۇ.

ساددا تەسەۋۋۇردىن چوڭقۇر ھېكمەت ھاسىل قىلىشنىڭ بىر ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى مىسالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن:

خۇدا ئۆزى قىلدىكەن ھەممىنى بىنا،
كېيىن سۇندۇرىدىكەن بىر-بىرلەپ يانا.
ياخشى ياسالغان بولسا سۇندۇراتتىمۇ،
يامان ياساپ قويغانغا كەلمەمدۇ گۇنا؟

قاردىماققا، بۇ ئىلاھىي ئىرادە ھەققىدىكى گۆدەكلەرچە ساددا تەسەۋۋۇر. بىزنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۇمورلۇق تەلەپپۇزى قىزىقتۇرىدۇ ۋە پىكرىمىزنى چوڭقۇرلۇققا شۇڭغىتىدۇ. بىز بۇ چوڭقۇرلۇق ئىچىدە ئادەم ھەيران قالغۇدەك شۇنداق بىر پىكىر دۇردانىسىگە يولۇقىمىزكى، ئۇ بولىسمۇ ئىلاھىي ئىرادە ھەققىدىكى ئەپسا-

نىنى رەت قىلىدىغان ئۆتكۈر ئىستىھزالىق ھېكمەت ۋە جۇشقۇن پەلسەپە.

سىر ساقلاش — بارلىق كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئورتاق مۇھىم بىر تېما. ئۆمەر ھەييام ئۇنى بۇنداق ئىپادىلىگەن:

ھەر سىرنى دىلدا ساقلىسا دانا،
ئۇ يوشۇرۇن بولسۇن، ئەنقادەك گويا.
سەدەپنىڭ ئىچىدە قەترە دۇر بولۇر،
سىر قىلىپ قەلبدە يوشۇرغاچ دەريا.

بۇ رۇبائىينىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا سىر ساقلاش زۆرۈرىيىتى بايان قىلىنغان. بۇ دىداكتىك بايان پەقەت كېيىنكى ئىككى مىسرادا باشقا بىر ماھىيەتلىك ھادىسىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاجايىپ جانلىق، جىلۋىدار ئوبرازلىق پىكىرگە ئايلانغان. بۇ سېلىشتۇرۇش — تەمسىل قىلىشنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئۈلگىسى.

ئوخشىتىشنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئەلشىر ناۋائىينىڭ مەشھەددىكى غېرىبلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن مۇنۇ رۇبائىيسىنى مىسال كەلتۈرەيلى:

غۇربەتتە غەرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.

ئالتۇن قەپەس ئىچرەگەر قىزىل گۈل بوتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.

بۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئىككى مىسرادا تۇغۇلغان يۇرتىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردى ئىزھار قىلىنغان. بۇ مەۋھۇم پىكىر كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى ئوخشىتىش (يەنى غېرىبلىقنىڭ قەپەزدىكى بۇلبۇل ھالىغا ئوخشاشلىقى تەسۋىرى) بىلەن ئۆزىگە خاس كونكرېت كارتىنا تاپىدۇ-دە، كىشىدە جانلىق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، رۇبائىيمۇ پىكىرگە ئوبرازلىق تۇس بېرىدىغان سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، مېتافورا، جانلاندۇرۇش، ھەرپ ياكى سۆز ئويۇنى قاتارلىق مەجازىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى جۇلالاندۇرىدۇ.

رۇبائىينىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئىخچاملىقىدا. ئۇنىڭغا تاللانغان سۆزلەر پىكىرنى دەل ئىپادىلەش، جانلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي رۇبائىي پىكىر تەلەپ قىلمايدىغان بىر سۆزنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇ كىچىك ئېتىزدىن

ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن ئىشلەنگەن مول، ئېسىل ھوسۇلغا ئوخشايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئېيتىلغان ”زەر قۇتىدىكى ياقۇت“ دېگەن تەسۋىرنى رۇبائىي تەۋسىپىگىمۇ مەنسۇپ دېيىش مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ”بىر ياخشى رۇبائىي بىر ياخشى داستانغا ئەرزىيدۇ“ دېيىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

* * *

رۇبائىيچىلىق يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، بولۇپمۇ 70- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ زامانغا مۇناسىپ يېڭى ساداسىنى ئىزچىل ياڭرىتىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇنى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر بەلگە دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ئۇ ئەنئەنىۋى تېمىلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، دەۋرىمىزنىڭ يېڭى مۇئەممالىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ بارماقتا.

يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزدا بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېما — ۋەتەنپەرۋەرلىك

بولدى. دەرۋەقە، شېئىرىيىتىمىزدە بۇ مۇھىم تېمىغا ياندىشىمغان بىرمۇ شائىر يوق دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى رېئاللىقنىڭ يېڭى تەلىپىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يېڭى ئېھتىياجىدىن ئىزدەش كېرەك. مەلۇمكى، ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان قىيىنچىلىقلار، بولۇپمۇ ئاپەتلىك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" كاساپىتىدىن ئانا ۋەتەن بېشىغا كەلگەن پاجىئە ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى سىنايدىغان ئېغىر ئىمتىھان بولدى. بۇ ئىمتىھان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىن ئورۇن ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ھەربىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ نەزىرىدە، ھەرقانداق چاغدا ۋەتەن سىماسى ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن گۈزەل. شائىر ئا. خوجايېۋ بوغدا چوققىسىنى تەسۋىرلىگەن رۇبائىيسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئانام بوغدا زەردىن تۇتۇپ جىيەكلىك،
كېيىۋاپتۇ خان ئەتلەستىن كۆڭلەكلىك.
ئولتۇرۇپتۇ قىلىپ چوققۇر تەپەككۇر،
كۆك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئاق لېچەكلىك.

بۇ بوغدانىڭ تەسۋىرىي مەنزىرىسىلا ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتەنىنىڭ شېئىرىي قىياپىتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى بىلەن مىللىي خۇسۇسىيەتلىك، ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ جەزىبىدار ۋە سۆيۈملۈك. ئۇنىڭ سۈكۈتلۈك تەپەككۇرىدا تارىخىي تەجرىبىلەر، ساۋاقلارنىڭ تەمكىن يەكۈنى، پەرزەنتلەر غېمى، كېلەچەك ئارزۇسى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۇلۇغۋار سۆيۈملۈك ئانا سىماسى ئالدىدا ھەربىر ۋاپادار پەرزەنت ئىختىيارسىز باش قويىدۇ.

ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ئۆزگە ھاياتىي كۈچ تاپىدۇ، ئاشۇ كۈچ ئارقىلىق ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ۋەتەن قويىنىدا تارتقان ھەرقانداق جاپا ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت. بۇنداق گىراژدانلىق ئىپتىخار شائىر ئا. مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ رۇبائىيسىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

ئايلاندىم كۆپ دىيار — ۋەتەنىنى، ياتنى،
تاپمىدىم ئۆز يۇرتتەك قۇدرەت-قاناتنى.

ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەل گۆھەر تەختىم،
قۇت بىلدىم بىر زامان چەككەن پەرياتنى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روبائىيلىرىمۇ ئالىيجاناب خەلقپەرۋەرلىك روھ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭدا دەۋر روھى، تەبىئىي هالدا، تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. ئا. مەخسۇتنىڭ مۇنۇ روبائىيسىدا بۇ روھنىڭ ئەنئەنىلىك بەدىئىي ئىپادىسىنى كۆرىمىز:

ساقىيا، مەي تۇتساڭ گەر بولۇپ ھەمدەم،
ئۆلپىتىم بولسىمۇ زوھرا ۋە سەنەم.
لېۋىمگە بىر نەپەس قونمايدۇ كۈلكە،
بولمىسا خەلقىمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم.

يېڭى روبائىيچىلىقىمىزنىڭ پىكرىي بايلىقىنى ئاشۇرغان مۇھىم بىر تېما — مەرىپەتكە دەۋەت. بۇ نادانلىق ئازابىنى يېتەرلىك تارتقان، مەرىپەتكە تەشنا بولغان، شۇڭا يېڭى دەۋرنىڭ پەن-مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش چاقىرىقىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جور بولغان خەلق قەلبىنىڭ جۇشقۇنلۇق ساداسى. بۇ تېمىغا بېغىشلانغان روبائىيلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا نادانلىقنىڭ خۇنۈك، كۈلكىلىك ئوبرازى ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن

بىزارلىقى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ساتىرىك-يۇمورلۇق ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنى ئا. ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدىكى مۇنداق مىسرالاردىنمۇ ئېنىق كۆرىمىز:

يالاتساڭمۇ زەر ھەل، كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ، ھاڭرايدۇ ئېشەك.

شۇنىڭدەك، بىلىمسىز ئادەم ئۆمرىنىڭ بىمەنىلىكى توغرىسىدا ئا. قاسىم بۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ قىسقا،
ھەتتاكى ئالتۇننى تېگىشەر مىسقا.
ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئوخشاتقىنىڭ خوپ،
شامالدا تارىلىپ توگىگەن ئىسقا.

جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق ھارىسىز نادانلار باركى، ئۇلار نادانلىق كۆك تاشقا مىنگەن چاغلاردا بىلىم ئەھلىنى خالىغانچە خارلايدۇ، ئازابلايدۇ. بىلىم ۋە بىلىم ئەھلى قەدىرلىنىشكە باشلىغاندا بولسا، ئۆزلىرىنى بىلىم ئەھلى قىلىپ كۆرسىتىپ ئەزۋەيلەيدۇ، ھەتتا يولەنچۇك ۋە خۇشامەتچىلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ تۆرگە چىقىۋالىدۇ. بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىز بۇنداق رەزىللىكنىمۇ دادىللىق

بىلەن قامچىلىدى.

بىلىمدانلىقنى بىلىم ئورنىغا دەسسىتىش ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك. بۇنداق "دانىش" لارنىڭ ئۆگىنىش ئىشتىياقى يوق، ئۆگىنىش مەستانىلىقى كۈچلۈك، بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى ئەڭ بىلىمسىزلىك دېگەن ھەقىقەت بىلەن كارى يوق. شائىر ت. سامساقنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى ئەنە شۇنداق "دانىش"لارغا قارىتا ئۆتكۈر مەسخىرە:

بىر دانىش ئۆگىتىشنى ئۆز كەسپى ئەتتى،
ھەمىشەم ھەركىمگە ئەقىل ئۆگەتتى.
ئۆگەنمەي، ئۆزگىگە ئۆگىتىۋېرىپ،
ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تامام تۈگەتتى.

مەرىپەتكە دەۋەت ۋاقىت تېمىسىدىكى رۇبائىيلارغىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. ۋاقىت — بىلىم، ۋاقىت — بايلىق، غەپلەت، مەنىسىز ھاۋايۇھەۋەس ئۆمۈرنىڭ دەھشەتلىك ئوغرىسى. ئادەم ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى ئوغرىلىتىش تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭدىن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان پۇشايمان قالىدۇ، خالاس. بۇ پىكىر شائىر م. رەھىمنىڭ تۆۋەندىكى روبائىيسىدا ئۆزىنىڭ جىلۋىدار

مەجازىي ئىپادىسىنى تاپقان:

باغۋەنسىز ياشلىقتا ئوغرى ھەممىنەپەس،
ئەڭ يامان ئوغرىسى ھاۋايۇھەۋەس.
تۇتۇلغان بولسىمۇ بارچە ئوغرىلار،
ياشلىقنىڭ ئوغرىسى تۇتۇلغان ئەمەس.

ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر ئەنئەنىۋى تېما يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزدىمۇ كەڭ ئورۇن ئىگىلىدى. خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان خۇنۇك، رەزىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە قارشىمۇقارشى ياراتقان ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىلىرى ئىنقىلابىي پەزىلەت دەستۇرلىرى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىباھا مەنىۋى خەزىنە (بۇ ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن). لېكىن "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بۇ خىل ئېسىل پەزىلەت ئەنئەنىلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق سالدى، شۇڭا بىرمەزگىل ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، يالغانچىلىق، رىياكارلىق، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، تۆھمەتخورلۇق، ئەمەلپەرەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار، رەزىل ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ خىل ئىللەتلەرگە

قارشى كۈرەش قىلىش، شۈبھىسىزكى، يېڭى دەۋرىمىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى. شۇڭا روۋائىيچىلىقىمىز مۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىمىزنى بۇلغايدىغان بۇنداق ناچار، رەزىل ئىللەتلەرگە قارشى ئۆتكۈر تىغى بىلەن مەيدانغا چىقتى.

پاك ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولغان راستچىللىق، سەممىيلىك — يېڭى روۋائىيچىلىقىمىزدا ئەڭ قىزغىن زوق بىلەن كۈيلەنگەن پەزىلەت. بۇنداق پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش يېڭى دەۋرىمىزنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ئاپەتلىك يىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى، بىزگە بۇنداق ئېسىل پەزىلەتنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتتى. شۇڭلاشقىمۇ روۋائىيلىرىمىزدا بۇ پەزىلەت مەدھىيىسى، كۆپىنچە، ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان يالغانچىلىق ئىللىتىگە نەپرەت ياغدۇرۇش بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

كونىلار ”گۇناھنىڭ ئەڭ چوڭى — يالغانچىلىق“ دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ شۇنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاددىي ساۋات بولسىمۇ، بارلىق رەزىللەر يالغانچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت ۋاستىسى ئەڭ قىممەتلىك هايات دەستۇرى قىلىدۇ. ئۇلار يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئالدىيالىغىنىدىن خۇش. بىراق، بەرىبىر، ئۆزىنى ئالدايدۇ. چۈنكى يالغانچىلىق ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن ھەرگىزمۇ كېلىشەلمەيدۇ. شائىر ئا. ئۆتكۈر ئۆز رۇبائىيسىدا يالغانچىلىقنىڭ ئوبرازىنى مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

يالغانچىلىق تىلى چىچەكسىز پەلەك،
چىچەكسىز پەلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسىرى ئۇ ئۇز ئىگىسىنى
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

رۇبائىيچىلىقىمىز ھەسەتخورلۇقنىمۇ ئۆتكۈر تىغ سانجىدى. ھەسەتخورلۇق ياكى كۆرەلمەسلىك دەپ ئاتالغان بۇ قىبرى رەزىل ئىللەت تارىختا سانسىزلىغان يىرگىنىشلىك، پاجىئەلىك ئىزلارنى قالدۇرۇش بىلەن بىللە، بىزنىڭ يېڭى جەمئىيىتىمىزگىمۇ سۆرۈلۈپ كىرىپ، ئاز بۇزغۇنچىلىق قىلمىدى. ھەسەتخورلارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا ھېچقانداق ياخشىلىقنى،

ھېچقانداق مەنپەئەتنى راۋا كۆرمەيدۇ. كۆرەلمەسلىك، قىزغىنىش ئۇلارنىڭ روھى. ئۇلارنىڭ ئەس-يادىنى ئاشۇ روھ يېتەكلەيدۇ. شۇڭا ھەرقانداق نەرسىدە، سەيلى نەپ ئالسۇن، ئالالمىسۇن، ھامان ھەسەت قىلىدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ ئىللەتكە مۇنداق تەرىپ بەردى:

تەئەججۇپ ئەيلىمە چاقتى دەپ چايان،
بۇ ئاڭا تۇغما خۇي، ھەممىگە ئايان.
تىغ ئۇرۇپ تەنلەرگە، تاپالماس لەززەت،
پەقەت ئۇ قىلىدۇ پەيلىنى يامان.

دېمەك، ھەسەتخور باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ئۆز كەسپىگە ھەمدە ئۆز مەقسىتىگە ئايلاندۇرغان. بۇ رەزىل ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ تۈزەلمىكى بەسى مۈشكۈل. ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پالاكەتى ھەققەتەن دەھشەتلىك. شۇڭا ئۇنى شېئىرىيەتتىمۇ ۋىجدان سوتىغا تارتىش كېرەك. شائىر ئا. قاسىم ۋىجدان سوتىغا ۋەكالىتەن ھەسەتخورغا تېگىلىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېيىشكە ھەقلىق ئىدى:

يا بىنا قىلغان بىر گۈللۈك بىغىڭ يوق،
نە بىر باغ، كۆكلەتكەن بىر تال شېخىڭ يوق.

ئۆزگىلەر گۈل تىكسە قىرقىيسەن دائىم،
قايىچا بوپ ئۆتمىگەن بىرمۇ چېچەكلىك يوق.
بۇنداق گەپلەر ئالدىدا ھەسەتخورلار
بىر بولسا بېزىرىپ تۇرىدۇ، ياكى يالغانچىلىقتا
يۈلىنىپ، ئۆزىنى ئاقلايدۇ، ياكى ئۇنىڭ
ھەسەتخورلۇقىنى سەممىمي ئاكتىپلىق دەپ
چۈشىنىپ قالغانلاردىن، مەنپەئەتدار
بولغانلاردىن مەدەت تىلەپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.
چۈنكى ھەسەتخورلۇق تولىمۇ جاھىل ئىللەت.
شائىرنىڭ بۇنداقلارنى شېئىر ئارقىلىق تۈزەي-
مەن دېگەن نىيەتتە بولۇشى ناتايىن. چۈنكى،
ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇنداقلار شېئىردىن ئەدەب
يەپ تۈزۈلىدىغانلار ئەمەس. شۇڭا شائىرلار-
نىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇنداقلار بىلەن
ئېيتىشىش ئەمەس، بەلكى ھەسەتخورلۇققا
نىسبەتەن ئىجتىمائىي نەپرەت قوزغاش،
باشقىلارنى ئاشۇنداق ئىللەتلەرگە گىرىپتار
بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلدۇرۇش.
بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىز ئىسلاھاتنىڭ ئاكتىپ
جارچىسى. ئۇ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن
بۈگۈنكى كۈندە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ چوڭ
توسالغۇسى بولغان ”سول“ قاتماللىققا دەسلەپتە

ئوق ئاتقان ساھەنىڭ بىرسى. قاتماللىق چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. بىر خىل قاتماللىق تۈگىتىلسە، يەنە بىر خىل قاتماللىق پەيدا بولىدۇ. قاتماللىققا قارشى تۇرۇش — مەڭگۈلۈك كۈرەش. ئىسلاھات قاتماللىققا قارشى كۈرەشتە جارى بولىدۇ. بىزدىكى ھازىرقى قاتماللىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەلىپىنى، ئىسلاھاتنى، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ. ئۇ بىرمەزگىل ئىجابىي رول ئوينىغان، خەلقنى كۆندۈرۈۋالغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ۋاقتى ئۆتكەن بەزىبىر كونا مۇقاملارغا قاتتىق يېپىشىۋالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقى بىلەن كارى يوق. ئۇنىڭ بۇ خۇنۈك بىچارىلىقىنى شائىر ئا. خوجايېۋ مۇنداق چىرايلىق ئىستىھزا بىلەن ئىپادىلىدى:

كېلىدۇ يازدا تومۇزغا، ئۆزىچە،
ناخشا ئېيتار توختىماي كۈندۈز-كېچە.
ئېيتقىنى ئېيتقان ئۇنىڭ بىر ناخشىنى،
بىلمىدىم، ئېيتار يەنە قاچانغىچە.

ئىسلاھات ھاياتىمىزغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرمەكتە. ئۇ ئەلنىڭ تەقدىرىنى

بەلگىلەيدۇ. مەنىۋى ھاياتىمىزمۇ، جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزمۇ چوڭقۇر، كەڭ ئىسلاھاتقا موھتاج. ئىسلاھات روھى تىكلەنمىسە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ، تۇرمۇشنى كۆزىتىشىمۇ، ئىجادىي ئەمەلىيىتىمۇ دەۋر تەلىپىگە لايىق ھوسۇل بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىزمۇ ئۆزىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، بەدىئىي يېڭىلىق يارىتىش يولىدا چوڭ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى، ئىسلاھات تۇرمۇ- شىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك.

* * *

بۇ «يېڭى رۇبائىيلار» توپلىمى ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان رۇبائىيلاردىن تاللانما بولۇپ، ئۇنىڭغا 46 شائىرنىڭ جەمئىي 300گە يېقىن (ھەربىر شائىرنىڭ ئىككىدىن يۇقىرى) ئەسىرى كىرگۈزۈلدى. مەن بىرقانچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق بىر توپلام ئىشلەش ئۈچۈن ئىزدەن- دىم. قولۇمغا چۈشكەن ماتېرىياللاردىكى بىرنەچچە مىڭ رۇبائىينى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ

چىققىنىم، تاللىدىم. بۇنى تولۇقلاشتا يولداش ھاكىم جاپپار ۋە ئابدۇكېرىم مەخسۇتلار تولۇپلىغان رۇبائىيلارمۇ خېلى ياردەم بەردى. مەن بۇ يولداشلارغا رەھمەت ئوقۇيمەن.

كۆرۈپ چىققان ماتېرىياللار يەنىلا تولۇق بولمىغانلىقى ھەمدە تاللاش ئىقتىدارىم ۋە دىتىمنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن توپلام ئۇ خىل ياكى بۇ خىل نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن ئۆزەممۇ رۇبائىينى جىق يازغانلارنىڭ بىرسى، ھازىرغا قەدەر يۈزدىن ئوشۇق رۇبائىي يېزىپتىمەن. بۇ توپلامغا ئۇنىڭدىن 30 نى تاللىدىم. مەيلى ئۆزەمنىڭكىدىن ياكى باشقىلارنىڭكىدىن تاللىغاندا بولسۇن، نۇرغۇن رۇبائىيلارنى قالدۇرۇپ قويۇشۇمنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ئۇلاردا پىكرىي يېڭىلىقنىڭ كەملىكى ياكى يوقلۇقى، شۇنىڭدەك ئۇلاردا رۇبائىيغا خاس بەدىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ كەملىكى ياكى يوقلۇقى. شۇندىقتىمۇ بۇنداق تاللاش ئۆلچىمىگە يېتەرلىك ئەمەل قىلالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ توپلامدىكى رۇبائىيلار يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزنىڭ بىرقەدەر ياخشىراق

ئۇلگىلىرى بولسا كېرەك. "ئايدىمۇ داغ بار" دېگەندەك، بۇ تاللانغان رۇبائىيلاردىمۇ نۇقسان يوق ئەمەس. بۇ ھەقتە كونكرېت تەنقىدىي تەھلىل يۈرگۈزۈشنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ رايىغا مۇراجىئەت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرى يەنىمۇ سۈپەتلىك ـ سەۋىيىلىك رۇبائىيلارنىڭ ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل رۇبائىي توپلاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن چوڭ تۈرتكە بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

1986 ـ يىل 17 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئابدۇرەھىم قاسىم

ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، ئىزدىشىپ ساۋاپ،
قىلىدۇ بەزىلەر مەككىنى تاۋاپ.
"ساۋاپ" دەپ ۋەتەنـدىن كېچىــش مەن
ئۈچۈن
دوزاختا كۆيگەندىن بەتتەر چوڭ ئازاپ.

* * *

تويغىچە يەپ تۇرۇپ شېرىن ئۈزۈمنى،
ۋەيران قىلامدىمەن ئۈنىڭ تىكىنى.
ئۆز يۇرتۇم بار تۇرۇپ، ياتقا كۆز تىكسەم،
سانجىلسۇن كۆزۈمگە نەپرەت تىكىنى.

* * *

قورقمايمەن باسسىمۇ توپان بىلەن سەل،
ۋە ياكى جان سوراپ تۇرسىمۇ ئەجەل.
جاھاندا قورقمەن بىرلا نەرسىدىن:
رەنجىسە مېنىڭدىن مېنى تۇغقان ئەل.

* * *

يورۇقلۇق كۆرسەتتى ئانام كۆز بېرىپ،
تىلىمنى سۆزلەتتى تاتلىق سۆز بېرىپ.

گۇناھكار بولمامدىم قەرزنى ئاقلىماي،
ئالدىدا باش تاتىلاپ تۇرسام بېزىرىپ.

* * *

ئانىنىڭ بىر تېمىم سۈتى ھەققىگە،
يەتتە رەت ئاپارماق ھاجەت مەككىگە.
بىر تېمىم سۈت ھەققى شۇنچە ئۇلۇغكەن،
نېمە دەيسەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەجرىگە.

* * *

بولمىسا ئانىنىڭ جاپالىق ئەجرى،
كۆلەمدۇ بالىنىڭ بەختى ـ تەلىيى.
بولسىمۇ مەرتىۋەڭ ئەرشىئەلادا،
كەتمىسۇن قۇلاقتىن ئاناڭ ئەللىيى.

* * *

مەن ئۆلسەم يۇرتۇمنى كۆرۈپ ياتىمەن،
مۇقەددەس تۇپرىغىن سۆيۈپ ياتىمەن.
ئانام ئۆز باغرىدا قۇچاقلاپ تۇرغاچ،
بەئەينى ھاياتتەك كۈلۈپ ياتىمەن.

* * *

ھېچقاچان چىرايدىن ئۆلچەنمەس كىشى،
ۋە ياكى تارازا ئەمەستۇر يېشى.
ئاۋارە بولماڭلار ئۆلچەمنى ئىزدەپ،
نەق باھا ئىنسانغا ئەمەلىي ئىشى.

*　　*　　*

بەزىلەر ياشايدۇ ئاجايىپ بىخىل،
ئۆمرىدە ئۆزگىگە ئۆتكۈزمەيدۇ قىل.
قەرزدار بوپ قالساڭ، ئۇندۇرەر سەندىن،
پاشىنى توخۇ دەپ، ئۆمۈچۈكنى پىل.

*　　*　　*

بىلمىسىز ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ قىسقا،
تاڭ قالما ئالتۇننى تېگىشسە مىسقا.
ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئوخشاتقىنىڭ ھەق،
شامالدا تارىلىپ تۈگىگەن ئىسقا.

*　　*　　*

بەزىلەر ۋاپانى ئۇنتۇيدۇ چاققان،
ئەسلى ئۇ بىر چايان، چاققىنى چاققان.
ئىنسانلار رېتىدىن ئۆچىدۇ نامى،
ئاش ئىچىپ، كۆز يۇمۇپ تاۋاقنى چاققان.

*　　*　　*

يا بىنا قىلغان بىر گۈللۈك بېغىڭ يوق،
باغ تۈگۈل كۆكلەتكەن بىر تال شېخىڭ يوق.
ئۆزگىلەر گۈل تىكسە قىرقىيسەن دائىم،
قايچا بوپ ئۆتمىگەن بىرمۇ چېغىڭ يوق.

*　　*　　*

ئېشەككە ئوخشاپ مېنەلمەي تۇرۇپ،
دۇلدۇلغا ئېسىلما ئۆزەڭنى ئۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

ھەر ئىشنىڭ يولى بار ئۆگىنىش ئاتلىق،
بۇ يولسىز زورۇقساڭ تۆگەيسەن قۇرۇپ.

*　　*　　*

ئۇن قىلار ئۆمرۈمنى يىللار تۆگمىنى،
خالىساڭ مەيلى چاچ، مەيلى تۆگ مېنى.
ۋە لېكىن بارىمنى سۆزلىگىن ئەينەن،
تۆگە دەپ كۆرسەتمە بىر تال تۆگمىنى .

## ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

مەجنۇنتال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا،
بۇرچىمىز قانچىلىك، ئويلايلى دائىم.

*　　*　　*

ھەرقانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئوزۇقى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا بولار.

*　　*　　*

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغە،
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

*　　*　　*

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار،
يا ماختان، يا ئۆكۈن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

www.uyghurkitap.com

*　　　　*　　　　*

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەس،
كۆڭۈلۈڭ ئۆتسە ئالقىش-ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتىڭنىڭ ئۆزى بۇ ئەمەس.

*　　　　*　　　　*

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جېنىنى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۈنسىز-تاۋۇشسىز،
قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇغقانغا مىكيان*.

*　　　　*　　　　*

ئەل غېمى-شادلىقى ئىلھامغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خۇش پۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل،
سولىشىپ كېتەر تېز، بولمىغاچ تۇپراق.

*　　　　*　　　　*

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

---

* ئاخىرقى ئىككى مىسرا كلاسسىكلاردىن ئىقتىباس.

* * *

شۆھرەت كەمەرىگە ئۈزاتقىچە قول،
ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئاغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغىچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

* * *

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ھىردىس ـ تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋۋال سەن ئۆزەڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

* * *

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە يا،
ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،
ئىندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،
گەر بولسا قەلبىڭدە تېرىقچە رىيا.

* * *

ئۆتنە ـ يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلىمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېيىش،
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

* * *

بىلمەكتىن مۇراد نام ـ شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.

بىلگەنــنى دان قىلىپ ئۆتەنزغا چاچـساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە نەپ بولسا، شۇ بەستۇر.

* * *

بىرەر نادان ساڭا ئۆگەتسە دانىش،
كۆلۈپ قويغىن ئاڭا، سەن قىلما كايىش.
ئىشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى،
ئاتوم دەۋرىدىمۇ تۇرمۇشتا بارئىش.

* * *

دۇئا قىلسا ھەرچاغ مۆمىن مۇسۇلمان،
تىلەيدۇ دوزاختىن بولماقنى ئامان.
ۋە لېكىن دوزاخنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش:
"مەن ئۆزەم قورقىمەن ناداندىن يامان."

* * *

كۆپەيسە دۇشمىنىڭ، سەن بولما غەمناك،
بىرۇر ئۇ ھەم ساڭا ئەقىل ۋە ئىدراك.
ئەگەرچە چاقمىسا ئادەمنى يىلان،
قەيەردىن تېپىلاتتى دورا-تەرياك*.

* * *

ئۇنىڭم دوست دېمە، راھەتتە ئىناق،
ئايرىلسا سېنىڭدىن غۇربەتتە بىراق.

---

* تەرياك — زەھەر قايتۇرغۇچى بىر خىل دورا.

سايەڭگە نەزەرسال تەپەككۇر بىلەن،
يورۇقتا بىللەيۇ، زۇلمەتتە يىراق.

* * *

نېچۈن ئۇتقا ئۇرار ئۆزىنى پەرۋانە،
نېچۈن شام ئاققۇزار كۆزدىن دۇردانە.
نە بىلسۇن ھاياتنىڭ بۇ سىرلىرىنى،
تۇرمۇشتىن چەتلەشكەن زاھىد مەستانە.

* * *

يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پەلەك،
چېچەكسىز پەلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسېرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى،
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

* * *

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ تېزەكلەر ئېشەك.
كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتنىغا باق،
يەپ ئاددىي يوپۇرماق، بېرىدۇ يىپەك.

* * *

جاراڭلىق ھەر سادا بولمايدۇ ناخشا،
مۇھەببەت، نەپرەتسىز چىقمايدۇ ناخشا.
ئېشەكمۇ بەزىدە ھاڭرايدۇ قاتتىق،
ئۇنى ئەل ھېچقاچان دېمەيدۇ ناخشا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئەجىبا بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلغىدا ئېسقىلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

* * *

ئۈنىكىم دوست دېمە غەيۋەتكە ماھىر،
سېنى ھەم قويمىغاي بىر چەتتە ئاخىر.
مىسالى چاياندۇر، ئۈنىڭ ئالدىدا
قېرى-ياش ۋە بوۋاق، دانىش بەرىبىر.

* * *

بۈيۈك تاغنى تالقان قىلسىمۇ ئەگەر،
ئۆزىگە تەمەننا قويماس يىگىت-ئەر.
كۆر، پىلە قۇرۇتى چېغىدا ھەر ياز،
پۈتتۈرگەچ غوزىسىنى، بىمىننەت ئۆلەر.

* * *

ياشلىق — ئۇ ئۆمۈرنىڭ تۇنجى باھارى،
باھارغا باغلىقتۇر ھەر يىلنىڭ كارى.
نېمە چاچسا يەرگە باھاردا دېھقان،
شۇنىڭ بىرلە توشقاي كۈزدە باھارى.

* * *

كۆكلەم-باھار كەتسە، يېنىپ كەلگەن بار،
جاندىن كەچسە جانانىنى تېپىپ سۆيگەن بار.

ئېيتىڭچۇ بىر كەتكەن ياشلىق كەيىندىن،
قوغلىشىپ جاھاندا كىممۇ يەتكەن بار.

* * *

نەزەرسال يېقىلغان گۈلخانغا بىردەم،
ئۇنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى قانداق مۇكەررەم.
يورۇتقاچ بىپايان چۆللەرنى، ئاندىن
ياتار بىر دۆۋە كۈل بولۇپ ئۇ دىلجەم.

* * *

كۆكۈل بوستانىغا جاھان سىغمىدۇ،
جاھان تۇرماق، ھەتتا ئاسمان سىغمىدۇ.
مۇبادا رەشك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىقىمۇ تاران سىغمىدۇ.

* * *

مېنى باغدىن ئەمەس، چۆلدىن ئىزدەڭلار،
ۋە يا باغراش دېگەن كۆلدىن ئىزدەڭلار.
ئۇنىڭدىن ياخشىسى، ئۇزۇن سەپەردە
يېقىلغان گۈلخاندىكى كۈلدىن ئىزدەڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

ۋازكەچمەيدىغانلار ھارام نىيەتتىن،
كۆپەرەك سۆزلەيدۇ سەممىيەتتىن.
ئالدىڭدا راۋاقتا تەكلىپ قىلسىمۇ،
ئارقاڭدىن ئورا كولار ھەسەتتىن.

*　*　*

بەزىلەر ئالدىڭدا دولاڭنى قېقىپ،
ماختايدۇ ھە دېسە شالىنى چېچىپ.
ئۇلارنىڭ ساڭا تون ياپمىقى يالغان،
يۈرىدۇ پىنھاندا كېپەنلىك پىچىپ.

## ئابدۇسەمەت خېلىل

بىر ئاۋغا ھەرگىز قىلما يامانلىق،
ئۆلسە ئۇ ساڭا تەگمەس سامانلىق.
كەڭرى يول ئاچساڭ ئامانلىق ئۈچۈن،
ھەركىم تىلەيدۇ ساڭا ئامانلىق.

*   *   *

قولۇڭدىن كەلگەنچە قىل ھامان ھىممەت،
ئارقىدىن ئۇنى قىلمىغىن مىننەت.
چۈنكى ئىنساننىڭ قەدرى ـ قىممىتى،
خالىس ئىش بىلەن ئۆلچىنەر پەقەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن

ئايلاندىم كۆپ دىيار ـــ ۋەتەننى، ياتنى،
تاپمىدىم ئۆز يۇرتتەك قۇدرەت ـ قاناتنى.
ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەل گۆھەر تەختىم،
قۇت بىلدىم بىر زامان چەككەن پەرياتنى.

* * *

ئەقىلنىڭ جەۋھىرى ھېكمەت يېگىلمەس،
ھېكمەتسىز مەنىلىك سۆھبەت تۈزۈلمەس.
چىن ھېكمەت تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى، كۆركى،
ئەل ئامان، ھېكمەتنىڭ يىپى ئۈزۈلمەس.

* * *

قىسمىتى قامۇس ھاياتنىڭ ھەر بىرتى راھەت
ماڭا،
مەيلى قايغۇ، مەيلى شادلىق كەلگىنى ئامەت
ماڭا.
بولسا گەر قەلبىمدە ھېكمەت قىلغۇلۇق
جۇتنى باھار،
بولمىسا قەلبىمدە ھېكمەت، ئامەتىم ئاپەت
ماڭا.

* * *

بولمسا شاخىڭدا بۇلبۇل سەرۋى قامەت

مەنىسىز،

كۆلمىسە يېنىڭدا جانان، بەختۇئامەت

مەنىسىز.

زېھنۇ كارىڭنى ئەگەر ئەل، بەختىگە بەخش

ئەتمىسەڭ،

ئۆز غېمىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىستىقامەت

مەنىسىز.

* * *

قەلەم قۇدرەتلىك ئەجدىھا، سىيا قان،

ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز شاھۇ سۇلتان.

يوقالدى يەتتە گۈلشەن باغى بەھرام،

ياشار نىزامى پۈتكەن ئۇشبۇ داستان.

* * *

ئۆزگىنى ياراتماس ئۆزىدىن باشقا،

ئەڭ كۆرمەس ياقۇتنى ئۆزدىكى تاشقا.

ۋە بەلكىم سالغاندۇر رەببىم ئەخمەقلىق

دەردىنى ئەڭ ئەخمەق رەشكچى باشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئابدۇكېرىم خوجا

ئانام بوغدا زەردىن تۇتۇپ جىيەكلىك،
كىيشۋاپتۇ خان ئەتلەستىن كۆڭلەكلىك.
ئولتۇرۇپتۇ قىلىپ چوكقۇر تەپەككۇر،
كۆك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئاق لىچەكلىك.

*　　*　　*

سالمىقى سۆزنىڭ ئەمەس ئاۋازىدا،
ياكى ناتىقنىڭ ئۇلۇغ ئەلپازىدا.
بارمۇ، يوق قىلغان سۆزنىڭ قىممىتى،
ئۆلچىگىن چوتتا ئەمەس تارازىدا.

*　　*　　*

مېۋىنىڭ ئىنسان ئارا ھۆرمىتى كۆپ،
بەلكى گۈلنىڭمۇ پۇراق لەززىتى كۆپ.
ئەمما ئاددىي چاغلىما ياپراقنىمۇ،
گۈل ۋە مېۋە ئالدىدا خىزمىتى كۆپ.

*　　*　　*

مېۋىلىك قىلغان دەرەخنى يىلتىزى،
تولدۇ شۇڭا ئېتەكمۇ كۆز كېزى.
مېۋىنى يېگەن بۇنى ئويلامدۇ، يوق،
بىر خۇدا بىلگەي ئۇنى ھەم بىر ئۆزى.

* * *

كۆندۈزى بولسا ھاۋا قانچە ئوچۇق،
كېتىدۇ سايەم بولۇپ شۇنچە قويۇق.
تۈن بىراق قورشاپ مېنى كەلسە شۇ دەم،
تاپقىلى بولماس پەقەت ئۇ ياندا يوق.

* * *

ئاۋۇغاي دەپ سۈتكە سۇ قوشساڭ بىراق،
سۈيى سۇچە قالىدۇ ھەم ئېقى ئاق.
چىن ھەقىقەتنىڭ سىرى شۇنداق نېمە،
سۇ كۆتۈرمەس سىركىسى ياق، زادى ياق.

* * *

كىم ئىشەنچكە قالسا گەر لايىق بولۇپ،
قالغىنى شۇ ئەلگە ئۇ بايلىق بولۇپ.
ئەمما بۇ مەرتىۋىگە يەتمەك قىيىن،
كەلمىسە ھەر ئىشىدا سادىق بولۇپ.

* * *

شوتىنىڭ رولى ئېنىق ئۆرگە چىقىش،
زادىلا پۈتۈلمىگەن تۆرگە چىقىش.
باسمىساڭ راۋۇرۇس ئاياغ بالدىقىغا،
كۆتىدۇ پەستە سېنى موللاق ئېتىش.

* * *

ھاك تېشىنىڭ تېشى خۇنۈك، ئىچى ئاق،
قەلبى چوغ، گەر بولسىمۇ تەرى سوغاق.
سەن ئاڭا سەپسەڭ سوغاق سۇ قانچە كۆپ،
ئىچىدىن قاينايدۇ ئوت شۇنچە ئۇزاق.

* * *

يازدا باقسام ياش ئىدى باغدا ياڭاق،
كۆزدە قېرىپتۇ بېسىپ قورۇق بىراق.
كاللىسىنىڭ پىشقىنى ئەمەسمۇ شۇ،
پۈتمىسەڭ، يېرىپ ئۇنى، ئىچىگە باق.

* * *

ماھكاپ ئەنجۈرگە دەرمىش دوق قىلىپ:
"گۈل ئارا نەدىن ئېزىپ قالدىڭ كېلىپ؟"
دەپتۇ ئەنجۈر: "كەلسە كۆز ئايان بولۇر،
كەلگىنى كىمنىڭ دۇرۇس، كىمنىڭ ئېزىپ."

* * *

ماركىنىڭ ھەرقانچە بولسۇن سەنئىتى،
بەربىر بولغاي تاۋارنىڭ زىننىتى.
تېگى پىششىق، چىڭلا بولسا شۇ تاۋار،
ماركىسىزمۇ زادى كەتمەس قىممىتى.

* * *

لاپ قىلىپ ياندى گۈگۈت، ئۆچتى، بىراق
قالدى تۈن ئىلكىدە ئۇندىن شام-چىراق.
كى ئۆمۈرنىڭ قىممىتى ھەم قەدرى شۇ،
بولمىسا ھاجەت نىمە ياشاش ئۇزاق.

* * *

— يارىشىپتۇ دوپپىڭىز سىزگە قەۋەت،
نە سەۋەبتىن كەلدىڭىز كىيمەي پەقەت؟
— بولمىسا ئۇ چاغدا باش زادى سىكار،
دوپپىغا نەدىن نىسىپ بولسۇن نۆۋەت.

* * *

چىوت ۋە يا كەتمەننى ساپلاش تەس ئەمەس،
كىتىدۇ نايەت ئاڭا ئىرغايلا، بەس.
تاج ياساشمۇ ئانچە بىرتەس ئىش ئەمەس،
ئاڭا لايىق باش تېپىش تەس، بەكمۇ تەس.

* * *

ئىت ساڭا ھۆرگەندە رەنجىپ كەتمىگىن،
ھۈنىرى، خۇي-پەيلى شۇنداق ئەسلىدىن.
ھۆرمىسە قانداق ئاتالسۇن ئىت بولۇپ،
كىم سىنى بول دەپتۇ ئادەم نەسلىدىن.

* * *

موبادا پاقىلار ئاشۇ پىلدەك،
چىقىرالايدىغان بولسىدى يىپەك.
قۇلاقنى يەپ، جانغا جازا سالاتتى،
كۆكۈراپ جاھاننى باشقا كىيگىدەك.

*　　*　　*

كېلىدۇ يازدا تومۇزغا، ئۆزىچە،
ناخشا ئېيتار توختىماي كۈندۈز ـ كېچە.
ئېيتقىنى ئېيتقان ئۇنىڭ بىر ناخشىنى،
بىلمىدىم ئېيتار يەنە قاچانغىچە.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئابدۇكېرىم مەخسۇت

مەن يېغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن،
ھاياتنى قەدىرلەپ، سۆيۈپ ياشايمەن.
بىلىم ئىشتىياقى قەلبىمدە چەكسىز،
ئۆمۈرنى ئۇزاققا سوزۇپ ياشايمەن.

* * *

تارىخ مەندىن دائىم ئالار ئىمتىھان،
بۇ ئىمتىھان مېنى تاۋلايدۇ ھامان.
مەن خۇشال، بەختىيار، تامچە تەرىمدىن
خەلقىم بەھرە ئېلىپ بولسا شادمان.

* * *

تېنىمدە بار ئىكەن جېنىمنىڭ مەردى يىگىت،
ئەجرىمدىن چۆللەرنى بوستان ئەت يىگىت.
ياۋ رۇستەم بولسىمۇ ئەگمە بېشىڭنى،
ۋەتەن دەپ ئالەمدىن خۇشال كەت يىگىت.

* * *

ۋۇجۇدۇڭ چۆمۈلسە كۆمۈشتەك تەرگە،
يىللارنىڭ كۆكسىنى چۆمكەيدۇ زەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قازا ئۈزارتىسمۇ سىنى يەرلىككە،
نۇركەبى ئىجادىڭ كۆمۈلمەس يەرگە.

*　　*　　*

يىل ئىكەن ئۆمۈرگە ئۆلچەم ۋە مىزان،
ئەزەلدىن بۇ ھېساب ھەممىگە ئايان.
ھاياتىنىڭ قىممىتىن ئانا تۇپراققا،
تۆكۈلگەن ھەر تامچە تەر قىلۇر بايان.

*　　*　　*

مۇشەققەت ـ ھالاۋەت قوشكېزەك ئەسلى،
قىش ئۆتسە كېلىدۇ گۈل باھار پەسلى.
يەڭ تۈرۈپ تەر تۆكسە ئانا يەرگە كىم،
يار ئاڭا تۈگىمەس خەزىنە ۋەسلى.

*　　*　　*

ئۆمۈرنىڭ گۈل پەسلى ــ كۆكلىمى ياخشى،
كۆكلەمنىڭ مىننەتسىز تەقدىمى ياخشى.
ھەسرىتىڭگە ئۆتمۈش قايتىپ كەلمەيدۇ،
بىلگىنكى، بۈگۈننىڭ ھەردىمى ياخشى.

*　　*　　*

سۆكمەن قەلەمدە مەن نادانلىقنى،
تىلەيمەن ۋەتەنگە تىنج ـ ئامانلىقنى.
خۇشالمەن مۇشكۈلنى كۆتۈرگىنىمگە،
دوستلارغا قالدۇرۇپ بار ئاسانلىقنى.

*　　*　　*

ساقىيا، مەي تۇتساڭ گەر بولۇپ ھەمدەم،
ئۇلپىتىم بولسىمۇ زوھرا ۋە سەنەم.
لېۋىمگە بىر نەپەس قونمايدۇ كۈلكە،
بولمىسا خەلقىمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم.

*　　*　　*

ئالىمنى قولۇمغا ئالغان چاغدا مەن،
سىزىمەن ئۆزەمنى گۈلشەن باغدا مەن.
ناخشامدىن بىر ئالما يىگۈزمەي ئەلگە،
كۆز يۇمسام، كېتەرمەن ھەسرەت داغدا مەن.

*　　*　　*

گەر بولسا ئىنساندا روھى گادايلىق،
بوستانلار بولىدۇ قاقاسلىق ـ سايلىق.
نادانغا بىر نەپەس مېھمان بولغاندىن
مىڭ ئەۋزەل ئاقىلغا قىلغان مالايلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئابدۇللا ساۋۇت

مەنسەپكە چىققاندا ئۇلپەت كۆپەيدى،
مەدھىيە، ئالقىش، ھۆرمەت كۆپەيدى.
كەتكەندە ئىلكىمدىن مەنسەپ ۋە ھوقۇق،
ھەممىسى دومسايدى، تۆھمەت كۆپەيدى.

*   *   *

مەيدىنى ئاغرىتقان ئاش-غىزا يامان،
دوست ئارا بەد گۇمان، ئۆچ-نىزا يامان.
ئىناقلىق كىشىگە بېرىدۇ راھەت،
ئاداۋەت كەلتۈرگەن ئار-ئىزا يامان.

*   *   *

ھايات ئۆركەشلەپ ئاققان بىر ئېقىن،
ياشلىق كۆكتىكى چېقىلغان چېقىن.
ئۆتكۈزسەڭ بىھۇدە ئاشۇ ياشلىقنى،
كەچكۈز گۈلدەك سولمىقىڭ يېقىن.

## ئابدۇللا سۇلايمان

بىر كۈنى دىلىم غەش، ئىچكەنتىم شاراپ،
كەيپ بولدۇم، مەي ـ مەسلىك تېنىمگە
تاراپ.
چىقتى جام تېگىدىن بوۋامنىڭ ئۈنى:
"ئەقلىڭدىن خوشلاشما مۇنچە ئالدىراپ!"

* * *

ماڭلايدىن تۆكۈپ ھەركىم ساپ ئەجرى-
تەر،
باغ بىنا قىلسا، شۇلا ھەقىقى ئەر.
ئەر ئېلىپ نۆۋەت، سالسا بىر تال ئۇرۇق،
يەر ئېلىپ ئاندىن نۆۋەت، بېرىدۇ زەر.

* * *

بىر ھېسابتا ئىنسان ئوخشار لەگلەككە،
گايىدا خىيالى ئۇچار پەلەككە.
بىھۇدە خىيالنىڭ يىپىنى تارتقىن،
ئۇچىنى چىڭ باغلاپ ئۇلۇغ تىلەككە.

## ئابدۇۋەلى ئېلى

ئوقۇسام ئەجدادلار ئەجرىدىن قىسسە،
زوقلىنار ۋۇجۇدۇم كۆچ كىرىپ ھەسسە.
مەن ئەلگە ياققۇدەك نىمە ئىش قىلدىم؟
دېسەملا قەلبىمدە خىجالەت غۇسسە.

* * *

بەزىلەر كەلمەكتە چۈشمەي سەپ بىلەن،
جاھانغا ماسلىشىپ ھەر خىل ئەپ بىلەن.
ۋىجدان بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق،
ئۆلچەيدۇ ھەممىنى پەقەت نەپ بىلەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئابلەھەت ئابدۇللا

كەلگۈسىدە مارسقا سېلىنسا بىر يول،
ئادەملەر ئۇچۇشسا شادلىنىپ ئۇدۇل.
شۇندىمۇ ۋەتىنىم، بىر گىيا بولۇپ،
باغرىڭدا ياياتتىم يەنىلا تومۇر.

*　　*　　*

كىم ياخشى كۆرمەيدۇ شېرىن ئالمىنى،
كۆزنى يەپ، دەپ تۇرسا "قېنى، ئال مېنى!"
نە ئۇچۇن ئۈرتەنمەس ۋىجدان غەزەپتىن،
ئالما يەپ، باغۋەنگە ئاتسا چالمىنى.

*　　*　　*

سۆزلىمەك ھەممىدىن ئاسان ۋارقىراپ،
سۆز ئەمەس كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە باق.
بەزىلەر سۆز بىلەن كۆككە يامشار،
ئىشىدىن باراڭغا چۈشمەيدۇ قاپاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئابلىمىت ھاجى

بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن بىر قونالغۇ دەڭ،
شۇ دەڭگە تۈت كۈنلۈك مېھمانسەن ئۆزەڭ.
ئۆمرۈڭنى قەدىرلە، ۋاقتىڭنى ئۈچلا،
بىر نىشان قالدۇرغىن ئۆلمەيمەن دېسەڭ.

* * *

نادان ئۆلۈپ ناھايەت يەتتىسى ئۆتتى،
كۈندۈزدىكى چۈشتەكلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى.
ئالىم ئۆلۈپ نەچچىلەپ ئەسىرلەر ئۆتتى،
بارغانسېرى شۆھرىتى پەلەككە يەتتى.

* * *

ھەسەتخور ھەمىشە راھەتتىن يىراق،
راھەتسىز كەسپتىن كېچەلمەس بىراق.
بولمايدۇ بىر مىنۇت ئاراملىق ئاڭا،
بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق.

## ئابلىز ھوشۇر

شاھلىقتىن يوق ئەسلا تامايىم مېنىڭ،
ئېلىم، سېنىڭ رايىڭ ھەم رايىم مېنىڭ.
سەن بەخت دېسەڭ بۇ — بەختىم غۇرۇرۇم،
گەر گۇناھ دېسەڭ شۇ گۇناھىم مېنىڭ.

*　　　*　　　*

مەيلى سەن نۆۋىتى بەزمىدە ئولتۇر،
نۆۋىتى ئەمەل كۆت خەزىنىدە ئولتۇر.
تۇپراققا كىرگىچە جىسمىڭ، ئەل ئۈچۈن
ئۆمرۈڭنىڭ جامىنى شەرۋەتكە تولدۇر.

*　　　*　　　*

دىلىڭدا بارىنى تىلىڭغا دېگىز،
قېتىقنى قايماق دەپ ماختىما ھەرگىز.
كومزىكىڭ چېقىلسا سېرىڭ ئاشكارا،
بەربىر قاپ ئىچىدە ياتمايدۇ بىگىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئابلىز ئۆمەر

كەڭ ئەلۋەك داستىخان گويا ھاياتلىق،
رىسقىڭنى ئالسەن ئەجرىڭگە لايىق.
نېمىنى تېرىساڭ ئورۇيسەن شۇنى،
زۇۋۇلاك ئاقۇزغان تەرىڭگە تالىق.

* * *

بەزىلەر سەسكىنەر غەزەپتىن ئەجەپ،
قىلىدۇ ھەمىشە تەبەسسۇم تەلەپ.
مەن دەيمەن: مىڭ ياخشى، ساختا
كۈلكىدىن،
گەر ئاچچىق بولسىمۇ ھەققانىي غەزەپ.

## ئابلكىم خېۋىر

ئاۋايلاپ دەسسىگىن قوچۇ توپىسىن،
ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ بېشى بولمىسۇن.
بۇتلار مېھرابىنى لايدىن دېمىگىن،
ئىدىقۇت گۈزىلىنىڭ قېشى بولمىسۇن.

*　　*　　*

ئىجتىھاد تالانتنىڭ ئىنىگانىسى،
تالانت شۇ ئانىنىڭ ئەركىن بالىسى.
ئاق سۈت بوپ قۇيۇلار تالانت تېنىگە،
ئىجتىھاد تەرىنىڭ ھەر دۇردانىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئارسلان

بۇ ئۆتكۈنچى ئالەم، ئۆتمىز چاپسان،
كىملەردىن قالمىغان ئىدى بۇ جاھان.
ئەل ئۇچۇن ئىشلەيلى، پەقەت ئەل باقى،
قايتا كەلمەكلىك يوق، كەتمەكلىك ئاسان.

* * *

تۆكمە ياش ئۆتكەننى قىلىپ تولا ياد،
بۇ دۇنيا پەرۋاسىز، قانچە دېسەڭ داد.
ئىچىنما كەتكەندىن، قورقما كېلەردىن،
ئۈمىدلەر ئۆمۈرنى قىلىدۇ ئاۋات.

* * *

ياشلىقتا غەم ئەمەس، خۇشاللىق كېرەك.
چاقنىسۇن گۈزەللىك، قاينىسۇن تىلەك.
ئالدىرا، بوش قويما ئالتۇن پەسلىنى،
قىردىلىق سوغىدا سوۋۇيدۇ يۈرەك.

* * *

كەلمەيدۇ خۇشاللىق قايغۇ-ئازارسىز،
زەپەر يوق، شەرەپ يوق جاپا-دىشۋارسىز.
ئىجادتا بىلەيلى دەمنى غەنىمەت،
ئەجەلنىڭ كەلمىكى ھامان قارارسىز.

* * *

يەر مېنى باقتى ھەم باقىدۇ ھامان،
نېمشقا ئۇ ماڭا شۇنچە مېھرىبان؟
مەن يەرگە قەرزدار، سادىق، چۈنكى ئۇ
بوۋىلار جىسمىدىن پۈتكەن-يارالغان.

* * *

تانىسىغا ئالدىراپ كۈتىسەن تۈننى،
قولۇڭدا پاتۇرماق بولىسەن كۈننى.
سۆرەيدۇ لەھەتكە سېنىمۇ شۇنداق
ۋاقىتنىڭ زەنجىرى چىقارماي ئۈننى.

* * *

باتۇرلارنى ئاز كۆرىدۇ بۇ جاھان،
ساتقۇنلارنىڭ تېپىلمىقى بەك ئاسان.
باتۇر ئۆلسە، يەر قۇچاقلار، كۆك يىغلار،
ياتالمايدۇ گۆردە ساتقۇن تىنچ-ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئەرشىدىن تاتلىق

كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ ئۆتكىنى ئۆتكەن،
ياشلىق باھارىمنىڭ كەتكىنى كەتكەن.
ۋاقىتتىن ھەسسىمنى يۇلۇپ ئالمساڭ،
ئەڭ ئېسىل نەرسەمنىڭ يەتكىنى يەتكەن.

* * *

"قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرىڭ قېنى؟"
دەيسەن، قىستايسەن كۆرگەندە مېنى.
ھە، قوندى چېچىمغا مەزگىلسىز قىراۋ،
مىسراغا سىڭگەچكە يۈرىكىم قېنى.

* * *

مەردلىككە قول بەرسەڭ شۇنى ئەستە تۇت،
بىراۋغا قىلساڭ سەن ياخشىلىق، ئۇنۇت!
بىراۋ قىلسا ساڭا بىرەر ياخشىلىق،
ئۇنتۇمىغىن ئۆمۈر بويى بىر مىنۇت.

## ئەنۋەر ئابدۇرەھىم

كۆرمىدىم پەش قىلىپ ساختا ئىشنى،
ئابروي بىر غېرىچ ئۈسكەن كىشىنى.
كۆرمىدىم ئەل يۇرتىنىڭ بەختىنى كۆزلەپ،
كۆڭۈللەر تۆرىدىن چۈشكەن كىشىنى.

*　　*　　*

بىر دۆڭدىن ئېشىپلا غادايما بىراق،
ئىلىمنىڭ تېخى سەپىرى ئۇزاق.
تىرىشچانلىقتىن پۇتۇلگەن قولنى،
قاناتەت تىغى قىلمىسۇن چولاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى

## تۇردى ساماق

"كىرەكلىك تاشنىڭ ئىغرى يوق" دەر،
سەن شۇنى مىزان بىل، بېشىڭدا كۆتەر.
ئاشۇ تاشچىلىك ۋەزنىڭ بولسىلا،
سېنىمۇ ھەر جايدا ئىلتىپات كۈتەر.

* * *

ئۆزىنى بىلمەكنىڭ ئۆزى بىر بىلىم،
بىلىم ئۈچۈن مەيلى ئىگىلسە بېلىم.
"نادانلىق نومۇس!" بۇ، زامان سۆزىدۇر،
سامى بول بۇ سۆزگە ئەي ئۇيغۇر ئېلىم.

* * *

ئاقىلسەن، ئاۋۋالا ئۆزەڭنى تۈزەت،
ھەر نېچۈك نۇقسانىنى دۈشمەن بىل، تۈگەت.
"بىلمەيمەن تېخى"دىن ئالىي بىلىم يوق،
بۇ سۆزگە چىن دىلدىن تىلىڭنى ئۆگەت.

* * *

بىرى ئۆگىتىشنىلا ئۆز كەسپى ئەتتى،
ھەمىشە ھەركىمگە ئەقىل ئۆگەتتى.

ئۆگەنمەي، پەقەتلا ئۆگىتىۋېرىپ،
ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تامام تۈگەتتى.

* * *

ياش تالىشار، ياشلىق تالىشار،
چاچنى تارتىپ ھەر يان تارتىشار،
ۋاھ، ئەجەبكى پايىنەكباش ئەمدى،
نەۋرىسىدىن تارغاق تالىشار.

* * *

چىنارىنى چانىسام ئۆتمىدى كەكەم،
سەۋەبكى ئۇيۇل ئۇ، پور ئەمەس، مەھكەم.
ھەر يىلى تاشلىغاچ كونا قوزاقنى،
ئۇ غالىب، بۇ خىسلەت بىزدە خېلى كەم.

* * *

دەيدىلەركىم: ھۈنەردىن ئۈنەر،
ئادەم بولساڭ بولما بىھۈنەر.
ھۈنەر بىلگەن كىشى قولىغا،
بەخت قۇشى چوقۇم ئۆگىنەر.

* * *

تۆگىنى باغلىدىم بۇرنىدىن تېشىپ،
ئۆزىنىڭ يۈگىدا ئارغامچا ئېشىپ.
ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چاتساممۇ ئاندىن،
كەتمىدى نېرىغا ئىزىدىن ئېشىپ.

*　　*　　*

پۇت ساۋاقنامىگە كۆرگەننى كۆپلەپ،
ئۆتكۈزمە كۈنۈڭنى لاپ بىلەن ئەپلەپ.
سۈپەتكە ساقچى بول، ساختىدىن ساقلان،
ۋاقتىنى ھامال قىل، خەزىنەڭنى يۈكلەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تېيىپجان ئېلىيېۋ

قەترىدىن تولىدۇ دېڭىزنىڭ قىنى،
ئۆزىدۇ ئۇنىڭدا ھايات يەلكىنى.
ئەگەر مىننەت قىلساڭ ئۆز قەترەڭنى سەن،
ئۆزۈپ باققىنا شۇ قەترەڭدە قېنى!

* * *

مۇبادا راست بولسا ئەيسا قىسمىتى،
ۋە ماڭا پۈتۈلسە ئۇنىڭ جەننىتى.
مەن ئۆلۈم تىلەيتتىم، چۈنكى دوزاخقۇ
ۋەتەننىڭ ھىجرىدە جەننەت لەززىتى.

* * *

ھاقارەت تۆھمىتى كەلسە ھەرقاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك كۆرىسەن ھامان.
مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمىتى،
بىراق، قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان.

* * *

نامەردلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ چەكسىز ھەقىقەت، ئەزەلدىن - ئەبەد
ئەگەر بار دېسەڭ ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى،
راست، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت.

*　　*　　*

سۆيگۈگە كېلىدۇ تالاي خېرىدار،
ۋىجدانىغا باي بولساڭ، بولدۇڭ ئېتىبار.
ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا بەگباشلىقتا باي،
ۋىجدان گادايلىقى قىلار سېنى خار.

*　　*　　*

تال-تال كۈمۈش چاچلىرىڭنى ماڭا بەر ئانا،
تەشۋىشىڭنى بىللە قوشۇپ ئۆتكۈزگىن ماڭا.
سېنىڭ ئۆلمەس بەختىڭ بىلەن بىللە
ياشاي مەن،
ياشلىقىمنى، شادلىقىمنى بەخش ئېتىپ ساڭا.

*　　*　　*

دىلبەرنىڭ كۆزىدىن كۈلكە ئاختۇرۇپ،
يىلىنىپ-يالۋۇرسام شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ،
ئۇ دېدى: "كۆزۈمدىن كۈلكە ئىزدىسەڭ،
رەقىبىڭ كۆزگە قادال ئوق بولۇپ."

*　　*　　*

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر،
ئۇچىدۇ قامغاق بىچارە مەغرۇر.
قىزىل يۇلغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

*　　*　　*

جىق ئىشقا پۇتلاشتى ھەۋەس-ھىرسىم،
ئويلىسام، بولىدۇ كۆڭلۇم بىرقىسىم.
ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرگە،
كېلىدۇ ئەمدى ئەجەب ھەۋىسىم.

*  *  *

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر يۈرىكىم، مىسرالار تومۇر،
ھەرىپلەر قېنىم، ۋەزىنلەر نەپەس.

*  *  *

ئىمتىھان بەرمەي ئاق قەغەز بېرىپ،
يۈرۈشتى بەزىلەر مەيدىنى كېرىپ.
ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ تىكمەيدۇ كۆچەت،
مېۋىنى يەيدۇ شېخىنى يىرىپ.

*  *  *

ھەزەر قىل، بەزىلەر "جۆندەش"كە ئۇستا.
بىر ئىشقا ئالدىدىن ئۇندەشكە ئۇستا.
ئەپلەشسە ئۆزىنى داڭلاشقا ئۇستا،
چاتىقى چىقسىلا دۆڭگەشكە ئۇستا.

*  *  *

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

*　　*　　*

سۆكۈشلەرگە چىداپ تۇرۇپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولىمەن دېسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

*　　*　　*

چاقچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بويسۇنمايدىكەن شەخسىي نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن،
تايانسام پەقەت سەمىمىيەتكە.

*　　*　　*

ھەممىمىز سۆزلەيمىز ھەققانىيەتتىن،
بىراق ئاشالمايمىز شەرت ـ شارائىتتىن.
نېمىمىز توغرا، نېمىمىز خاتا،
سورايلى دانا ئەمەلىيەتتىن.

*　　*　　*

تىللىدىم ساقىنى، "چىقسۇنا جېنىڭ،
بولغامسەن شۇنچۇۋىلا ئەقلىمنى مېنىڭ."
دېدى: "نەپسىڭ كەلدى دېۋەيلەپ ماڭا،
كىم كۆرۈپتۇ بۇندا ئەقلىڭنى سېنىڭ؟"

*   *   *

يامانىنىڭ دەستىدىن شۇنداق دېدىمكى:
"نېمەبىر قىلغىنىم باردۇ مېنىڭكى؟"
ئاقىل دېدى: "بەلكى، بىلىپ يا بىلمەي،
يامانغا يانتاياق بولغانمىدىڭكى..."

*   *   *

ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قەھرىمان چىقتى،
ئاۋازى ھەممىدىن بەك يوغان چىقتى.
بىراق شېھىت قېنى تىلغا كىرگەندە،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن نە زۇۋان چىقتى.

*   *   *

چاغلىقتۇر دۈشمەنىنىڭ ئەزۋەيلىگىنى،
يامىنى يوشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن،
ئەركىلەپ تۇرۇپلا چىشلەيدىغىنى.

*   *   *

بىر ئېشەك بېشىغا ئوراپ سەللىنى،
قاپتۇ بەك كۆلكىگە دوراپ موللىنى.
تېخىمۇ كۆلكىلىك ئەمەسمۇ مېنىڭ،
تۆرگە باشلىغىنىم "تەقسىر" دەپ ئۇنى.

*   *   *

كۆندۈزى تۆت ئاغىنەم بىللە ئىدى،
يولۋاسمۇ مۈشۈكچىلىك كۆرۈنمىدى.

ئاخشىمى يالغۇز چىقىپ چاشقان بولدۇم،
ئالدىمغا مۈشۈك ئۇچراپ قېلىۋىدى.

* * *

بىر يەردە ئېغىز بۇرۇن يالىشىدۇ،
بىر يەردە بىر سۆڭەكنى تالىشىدۇ.
دەيدىكەن شۇنداق تۇرۇپ: "چىن ئىنسان بىز،
ئۇنداق ئىش ئىتلارغىلا يارىشىدۇ."

* * *

رىياكار سوپىلار مەككار كېلىدۇ،
يوغان سەللىنى دەستەك قىلىدۇ.
غەرەزسىز ئادەملەر ساختا سەللىدىن،
راست پايتىمىنى ئەلا بىلىدۇ.

* * *

قەدىرلىك سانىلار كىم قىلسا ھىممەت،
مىننەتنى بىلمەسلىك ئۇنىڭدىن قىممەت.
پاك نەرسە بولسىمۇ ھىممەتنىڭ ئۆزى،
بۇلغىنىپ كېتىدۇ قوشۇلسا مىننەت.

* * *

كۆرۈپ تۇرۇپ ئوغرىنىڭ تام تەشكىنىنى،
قاراڭلار، مېنى قارا باسقىنىنى.
ئوغرىغا ھامى بولۇپ گەپكە قالدىم،
پاسكىنا بولدۇم ئاياپ پاسكىنىنى.

*   *   *

"پۇشايمان يەيدۇ، — دېدى بىرسى ماڭا، —
چۈشەنمەي كىم خاتا مۇشت ئاتسا ساڭا.
بەتنىيەت قەستەن خاتا قىلار شۇڭا،
خاتاغا ئىقرار بولۇش ئۆلۈم ئاڭا."

*   *   *

دېۋەندىلىڭ: "بولمايدۇ ھېساب ئۆگەنمەي،
ھېسابنى ھەر ياڭزا ياساپ ئۆگەنمەي."
ئاخىر چوڭ ھېسابقا تۇتۇلدۇڭ، چۈنكى
ھېسابتىن ئىلگىرى ئىنساب ئۆگەنمەي.

*   *   *

ئەيىبىڭنى سۆككەندىن كەتتىڭ يۈز ئۆرۈپ،
ماختىغانلار قاچتى سېنى ئۆگتۈرۈپ،
ھەي نادان، بوۋايلار دېمىگەنمىدى:
"دوست ئېيتار يىغلىتىپ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ."

*   *   *

ئەل نېمىگە سۆيۈنسە، زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە، ھومايساڭ ئاڭا.
ئالقىش تۇرماق، راھەتتىن ھاقارەت.
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نە ھاجەت ساڭا.

## تىرىك

يۇلتۇز دەر: "ئۆمىدتە كۆكتىن ساقىدىم،
ئاداققى بىر نۇۋەت ئۇچۇن چاقنىدىم.
ئارمان يوق كۆمۈلسە جىسمىم تۇپراققا،
شۇ ۋەجدىن كەينىمگە قاراپ باقمىدىم."

*　　*　　*

باسقىنىدا غەم تىغى يۈرەكتىن بەزمىدىم،
ئۆتمىستۈشۈك كۆلبەمدىن زادى تەزمىدىم.
ئاتەش ئىسكەن ئەل ئىشقى، بەرگەچ
هارارەت.
قەهرىتاندا يالىڭاچ سوغنى سەزمىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## جاپپار ئەمەت

ئۇيالسا كىمكى ھالال تەر تۆكۈشتىن،
ئۇيالماس خۇشامەتتىن، تىز پۈكۈشتىن.
كىم ئەگەر ئۇنداقلارغا پاناھ بولسا،
ئۆزىنى كاچاتلايدۇ ئۆكۈنۈشتىن.

* * *

ئاش كەلسە ئۆتنۈۋالسا كىم ئالدىغا،
مۈشت كەلسە مۆكۈۋالسا جىم دالدىغا.
سېنى نەس باسقىنى شۇ، ئۇنداقلارنى
يۆلسەڭ يېتىدۇ، دەپ ئەل دادىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## جىلىلى

ۋەتەن سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ ئۆتەرمەن،
ئىشقىڭدا ئاتەشتەك كۆيۈپ ئۆتەرمەن.
پاك، گۈزەل ھۆسنىڭگە گەر قونسا توزان،
ئەقدەم سۈيىدە يۇيۇپ ئۆتەرمەن.

* * *

ۋەتەن دەپ سوقىدۇ يۈرىكىم مېنىڭ،
ۋەتەن ئاۋاتلىقى تىلىكىم مېنىڭ.
دەرد كەلسە، دەردىگە داۋا بولمىسام،
نە بولسۇن ۋەتەنگە كېرىكىم مېنىڭ؟

* * *

بەزىلەر ئۆزىنى چوڭ تۇتار شۇنچە،
ئىچىدە "ئىلىپ"تىن سۇنۇق يوق قىلچە.
غادايغىنى بىلەن گويا پور تېرەك،
يوق ئۇنىڭ قىممىتى ئەلدە بىر پۈكچە.

## ر. جارى

دۇنياغا كېلىشتىن نېمىدۇر مەقسەت؟
يوقنى بار قىلىشتۇر سىڭدۇرۇپ مېھنەت.
كەلگۈسى ئەۋلادقا بىر ئىزنىك قالسۇن،
تەييارنى تۈگىتىپ ئۆتسەڭ، بەكمۇ سەت.

* * *

ھەر ئىشقا خەلق ئادىل باھاچى ئۆزى،
ھەممىدىن ئۆتكۈردۇر ئاممىنىڭ كۆزى.
ئىشىڭدا توغرا بوپ، ئالغا بېسىۋەر،
شامالدا تۇزۇيدۇ غەيۋەتچى سۆزى.

* * *

كىبىر، تەمەننادىن ساقلان ئەي كىرگۈل،
ماختىنىش، تامادىن ئاسران ئەي كۆڭۈل.
داشقال ئەمەس، پولات بولىمەن دېسەڭ،
كەمتەرلىك تەپتىدە تاۋلان ئەي كۆڭۈل.

## رەخىم قاسىم

قىتىغىر كۆڭلىدە قاترايدۇ قاۋان،
ئۇينايدۇ كۆزىدە تۇلكىلىك هامان.
تۇرقى ئادەم، بىراق باقساڭ زەڭ سېلىپ،
ئۇنىڭ هەر خۇلقىدىن ۋەهشىلىك ئايان.

*　　*　　*

كىم ساڭا ئاشىق دەپ ئاتىسا مېنى،
دەيتتىم: "بۇ يالغان سۆز، ئىسپاتىڭ
قېنى؟"
ئاقىۋەت زار يىغلاپ بولدۇم مەن ئىقرار،
پەقەتلا بىر كېچە كۆرمەستىن سېنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# روزى سايت

قشلىقى تۈن، يازلىقى كۈن ئۆزار ئىكەن،
ئۆمرۈڭنىڭ گۈلى بىللە توزار ئىكەن.
ۋاي ئىسست، قەدىرلەنمەي ئۆتكەن ئۆمۈر،
هاياتنىڭ گۈلزارىنى بۇزار ئىكەن.

*　　*　　*

ساتقۇنلار ۋىجدانىنى سېتىپ يەيدۇ،
ئاقىللار ئەقلىدىن نان تېپىپ يەيدۇ.
بېشىنى سىلىغاننى چىشلەيدىغان —
يۈزسىزلەر ئەقلىنىمۇ قېتىپ يەيدۇ.

*　　*　　*

بەختىڭنى بەرپا قىل هالال تەر بىلەن،
پۈتمەيدۇ ئىنساننىڭ رىسقى "بەر" بىلەن.
ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن، زېهنىڭنى يۈگۈرت،
زامانەم گۈللىنەر ئىشچان ئەر بىلەن.

*　　*　　*

قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل يىغىلسا باغ،
ئەل چېچىلسا نىم بولىدۇ؟ يۈرەكلىرى داغ.

بەش بارماقـنى جەم قىلمىسا تۇگۈلمەيدۇ مۇشت،
ئىككى قوچقار ئۇسسۇشكەندە كۆلەر بۆرە، زاغ.

* * *

ھەر ئىشنىڭ باشلىنىش دەسلەپى قىيىن،
جاپاسى ئالدىدا، راھىتى كېيىن.
كىمكى كۆرسەتمەي چىدام ئىجتىھات،
تەلپۈنسە راھەتكە ئىشى بىر تىيىن.

* * *

ئۆمرۈڭنى ئۇزارتاي دېسەڭ، شان يارات،
بىھۇدە قەدەمدىن خورايدۇ ھايات.
يولۋاستەك ياشاشنىڭ دەۋرانى تۇرۇپ،
توشقاندەك تىترىمەك نەقەدەر ئۇيات.

* * *

گۈل ئۈزەي دېگەنتىم، سانجىلدى تىكەن،
تىكەنسىز ئەمەسكەن، بىلدىم، گۈل دېگەن.
ئارقامغا يانغانتىم، گۈل ئېيتتى كۈلۈپ:
"تىكەندىن قورققانغا گۈلى نەدىكەن؟"

* * *

نەۋرىلەر ئۇنتۇماي يادلىسۇن دېسەڭ،
بولغۇلۇق ئەتىنىڭ تېمىغا كېسەك.



www.uyghurkitap.com

قاندىقمۇ خاتىرجەم ياتىمىز گۆردە،
بۇگۈنكى "مەن" بىلەن چىرىمىشىپ يۈرسەك.

* * *

بىر قېتىم كەسمەكچۈن ئۆلچىگىن يەتتە،
سەن بۇنى مىزان ئەت سۆزدە، ھەرىكەتتە.
ئەقلىڭ دۈشمىنى ئالدىراڭغۇلۇق،
ئالدىراپ ئىش قىلساڭ قالىسەن دەردتە.

* * *

ئاھ ياشلىق ناخشىسى ئاجايىپ غەزەل،
ئوقۇشنى بىلسە، ئۇ يېقىملىق، گۈزەل.
بۇرچىنى چۈشەنگەن ئوقۇيالايدۇ،
ئەكسىچە ئۆمۈرگە تۆلەيدۇ بەدەل.

* * *

ياشلىقنىڭ قىسسىسى پۈتسە ئوقۇلۇپ،
كېتىدۇ ئۆمۈردىن بىر باب يوقۇلۇپ.
شامالغا ئۇچمىسۇن بەتلىرىم دېسەڭ،
پەيتىنى تۇت، گۈل ئاچقىن خۇش پۇراق بولۇپ.

* * *

ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس،
"جۇپ چوكا"دىن قولى بوش بولماس.
ئۇنداقلارنىڭ ھالى زەبۇنلۇق،
قانچە قىلسۇن نېنى قوش بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## روزى نىياز

ئەجرە قىلسا بىلىم ئېلىش ئەمەس قىيىن،
يۇرسە لەيلەپ قالار ئادەم داغدا كېيىن.
ئېچىلدۇرار بىلىم ئەھلى چۆللەردە گۈل،
بىلىمسىزنىڭ باھا ـ نەرخى پۇچەك تىيىن.

*　*　*

كىمكى ئۇشلاپ يۇرسە نىزا تىغىنى،
ۋە سالسا دەيدەيگە ئۇنى ھەم بۇنى.
ئاخىر جازالايدۇ ئادالەت ئۇنى،
بۇركۈت قامىغاندەك تادان تۈلكىنى.

*　*　*

بەزىلەر لاپ ئۇرۇپ، داڭلار ئۆزىنى،
سىغدۇرماق تەس كېلەر قاپقا سۆزىنى.
ئاغزىدا ھەمىشە شەھەر ئالغانىنىڭ،
قىلمىشى ئۇرىدۇ يەرگە يۈزىنى.

## رىشىت مەخسۇت

بەزىلەر ئىش قىلار ئەتراپقا قاراپ،
يەنى چوڭ-كىچىك ئەرباپقا قاراپ.
ئۇلارچە ئەرباپنىڭ بەرى سازەندە،
ئەل ئوينارمىش هامان ساز-داپقا قاراپ.

* * *

ياخشىدىن ئۆگەنگىن، ياماندىن قېچىپ،
گۈل بولۇپ ئېچىلغىن خۇش پۇراق چېچىپ.
مىسالى چۆلدىكى زىلال بۇلاقتەك،
ئۆزگىگە نەپ بەرگىن، ئۆزەڭدىن كېچىپ.

* * *

ئادەمسەن، ئەخلاقلىق ھەم غايىلىك بول،
دەرەخسەن، مېۋىلىك ھەم سايىلىك بول.
مەرىپەت بازىرى قىزىدى قايناپ،
قۇرۇق قول يۈرمىگىن، دەسمايىلىك بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## زوقمەن

بىلىمنىڭ پەللىسى ئەرشتىن ئېگىز،
ئۇيلىما بىر چامداپ چىقىشنى ھەرگىز.
گوياكى يېڭىندە قازغاندەك قۇدۇق،
ئىزدەنسەڭ يېتىسەن ۋەسلىگە شەكسىز.

* * *

ئىلىم-پەن كۆتۈرمەس ساختا-يالغاننى،
كىم كۆردى ئېشەكلەر موللا بولغاننى.
ئەل قاچان ياقتۇرغان نەپسىنى كۆزلەپ،
ئېغىزدا لاپ ئۇرۇپ شەھەر ئالغاننى.

## سادىر سادىر

قىلمىسغىن سەپىەردە نامەردنى ھەمرا،
ئېشەك قۇلىقىغا چالمىغىن ناغرا.
خۇشامەتكە ئاق نان ئېلىپ يېگەندىن،
مىڭ ئەۋزەل ئەجرىڭدىن يېگىنىڭ زاغرا.

*　　*　　*

بولغىچە قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى،
بولساڭچۇ مەرد يىگىتنىڭ چومىقى.
بولغىچە تەييارتاپنىڭ ياستۇقى،
بولساڭچۇ خامانچىنىڭ تۇلۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەلەي قاسىم

بەزىلەر كېلىدۇ كۈلۈپ تولكىدەك،
زەڭ قويۇپ قارىساڭ ئەمەس كۆلكىدەك.
يىغلىساڭ كۈلىدۇ، كۈلسەڭ مۇبادا،
ئۆكسىدۇ ئۆزىچە قورقۇپ ئۆلگىدەك.

## سەمەت دۇگايلى

بىر سىكۇنت يۇلتۇز مەن دەپ پەرەز قىلـدىم،
ۋەتەننى كۆكتىن كۆرۈپ ھېچ قانمىدىم.
ئىككىنچى سىكۇنت ئۆتسە، بىلەلمىدىم،
ھىجرانىغا چىدىيالماي ئاقارمىدىم.

* * *

ئەسىرلەردىن مەۋجۇت بۇ جاھان،
نىمەتلەرگە تولغان داستىخان.
ئىنسانىيەت مېھمىنى ئۇنىڭ،
ئەمگەك ئاگا سېخى ساھىبخان.

* * *

مەن سورىدىم يېشىل مايسىدىن:
"قانداق چىقتىڭ تاشلار ئاستىدىن؟"
"ئەمگەك بىلەن" دېدى ياش مايسا،
غۇرۇر ئۇرغۇپ ھېسسىياتىدىن.

* * *

ھەممە گۈل بۇلبۇلغا قىلىدۇ ھەۋەس،
لېكىن ئۇ بىر گۈلنىڭ كويىچىسى ئەمەس.
ۋەتەن—گۈل، مەن—بۇلبۇل، شۇ گۈلگە تالىق،
كويىچىمەن قالغىچە ئاخىرقى نەپەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

كالبىندار تاڭدا: "بۈگۈن بايرام" دېدى،
"شادلىقتىن ۋەتەن قوينى قاينام" دېدى.
مەن دېدىم: "ۋەتىنىمدە ئۆتكەن ھەر كۈن
مەن ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك بايرام ئىدى..."

* * *

تاڭ بۇلبۇلى كەلدى يېنىمغا،
— يار بول، — دېدىم، — كېلىپ قېشىمغا.
— گۈل بولغىنىسەن، — دېدى شوخ بۇلبۇل، —
ئەمگەك گۈۋاھ بولسۇن ئىشقىڭغا.

* * *

سەھەردە كۈن بولۇپ سىڭسەم كۆزۈڭگە،
نۇرىدىن گۈل بولۇپ ئۈنسەم يۈزۈڭگە.
قاچىسەن نېمىشقا يەنە يىراقلاپ،
رەنجىمنى سەپەرداش قىلىپ ئۆزۈڭگە.

* * *

گۈزەلسەن، يېللىقسەن، بۈيۈكسەن ئانا،
قوينۇڭدىن ئايرىلىش ئۆلۈمدۇر ماڭا.
ياشىسام خۇشالمەن، ئۆلسەم خاتىرجەم،
تۇپرىقىڭ قوينىدا ياتقاچقا يانا.

* * *

ھەسەتخورنىڭ مال-دۇنياسى ھەسەت ئىمىش،
ئارزۇ، نىشان، مۇددىئاسى ھەسەت ئىمىش.

ھەسەت بىلەن كۆڭلى تاپسا ئاراملىقنى،
دىشۋارچىلىق ھەم جازاسى ھەسەت ئىمىش.

* * *

مىسالى تولۇن ئاي كۆرسىتىپ دىدار،
ئىشقىدىن ئەلەمگە بولدۇم گىرىپتار.
ھىجايدى، كەتتى ئۇ، قالدى مەن ئۇچۇن
لېۋىدىن ئېچىلغان گۈللەر يادىكار.

* * *

تاڭ ئىدى، بۇلۇتلار يېرىپ كۈن كېلەر،
خۇشاللىق ئىلكىگە چۆمەر ھەممە يەر.
قەلبىم شاد، شادلىقى ئەمەسكى كۈندىن،
كۈن-كۈندە بار، بۈگۈن كېلەتتى دىلبەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەيپىدىن ئەزىزى

تومنى باشقۇرسۇن كۆڭلى پاك مىراب،
ئۆستەڭنى پاكىزە ساقلىسۇن قاراپ.
سۇ باشتىن لاي بولسا، سۈزۈلمەي ھەرگىز،
ئاياغدا تەشنالار بولغۇسى خاراب.

* * *

تولۇن ئاي بىلەن مەن بەس-بەستە ئۇچسام،
كېزىپ سەييارە ئارا ئاسماننى قۇچسام.
چولپان كۈلۈپ ماڭا قىلسا تەبەسسۇم،
سامانىڭ قىزىغا گۈلدەستە تۇتسام.

* * *

ئەي بوۋاي، باشلىرىڭغا ئاق كىرىپتۇ،
يېشىڭمۇ ئاتمىش بەشكە نەق كىرىپتۇ.
جاۋاب بەر، ئاچقىن ئۆمرۈڭ دەپتىرىنى،
نېچۈن سانسىز ۋاراقلار ئاق تۇرۇپتۇ؟

* * *

تەر تۆكۈپ ئەجرىمدىن يارالدى «سۇتۇق»①،
ئارمانىم، ئۈمىدىم، سېۋىنچىم، ئۇ، توق.

① ئاپتورنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

«بۇغراخان»[1] غۇرۇرىنىڭ، ماختانما، بىراق،
ئەزىزى كۆتىدۇ سېنى جىق ئۇتۇق.

* * *

تەر تۆكۈپ ئۆستۈرسەڭ كۆچەت، نە ئارمان،
چېچەكلەپ، مېۋىلەر بېرىدۇ ھامان.
باغۋەننىڭ ئوغلى مەن، بوۋاممۇ باغۋەن،
باغۋەن بوپ ئۆتمەن بولسىلا دەرمان.

* * *

ئەل بەردى ساڭا نان-تۇز، سەن نېمە تۇتتۇڭ؟
قىلدىڭمۇ ۋاپا، يا بولمىسا ئۇنى ئۇنۇتتۇڭ؟
باغلارنى ياساپ باغۋەن بولۇپ، سۇندۇڭمۇ ئانار،
يا بولمىسا نوتىلارنى سۇسىز قۇرۇتتۇڭ؟

* * *

ئېلىڭنىڭ تۇزىنى يېگەيسەن ھالال،
تۇزچىنىڭ ئالدىدا بولمىغىن مالال.

---

[1] ئاپتورنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

توپاقدىن مەي ئۇچۇن ياسالسا كوزا،
تۇزى يوق تۇپراقتىن پۇتمىگەي ساپال.

* * *

تۇنۇگۇننى ئۇنتۇما جەۋھەرنى تاللا،
مېغىزنى قەدىرلە شاكىلىنى شاللا.
ئەتىكى يول پارلاق، مۇشكۇلدۇر بىراق،
جۇرئەت قىل پەللىدە يايرايدۇ جانلار.

* * *

دېدى ئۇ: "ئۆمۈر پۇل، بەخت دېگەن پۇل،
بەختنى ئىزدىسەڭ ئالتۇن تاپ، باي بول."
دېدىم مەن: "پۇچەك پۇل بەرمەيدۇ بەخت،
ئىرادە، ئىلىمدىن ئۆمرۈڭگە سال ئۇل."

* * *

"شائىرمەن" دەپ شېئىرغا تەگكۈزمە داغ،
قىينالما ئەۋارە بولۇپ، پاداڭنى باق.
مېغىزى پۇچەك ئۇچكىدىن ئۈنمەس گىيا،
مېغىزدىن مېۋە بولۇپ، بولغۇسى باغ.

* * *

ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي" دېگەن بىمەنا،
"ئۆزگىنى بىل، ئۆزەڭنى قوي" دېسە دانا.

ئۆزگە ئەگەر بولمىسا، بولماستىك ئۆزەك،
ئــۆزگە ئۇچــۇن ياســاك باغ، ئۆزەڭمۇ
رەنا.

* * *

ئازغىنا ئەجرىڭگە قىلما تەمەننا،
ماختانچاق ھېچ قاچان بولالماس دانا.
ئەجرىڭنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك،
خالايىق بەرگۈسى ئورۇنلۇق مەنا.

* * *

ماختىنسا كىشىلەر ئاز ئەجرىنى دەپ،
ھاكاۋۇر بولۇپ كەتمە "مەنلا بار" دەپ.
"ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ ئۆزگىنى شىر بىل"،
باشقىغا قول شىلتىپ ئۆگەتمە ئەدەپ.

* * *

ئىشنى قىلساڭ پۇختا قىل خام بولمىسۇن،
پىكىر خالتاڭغا شىكايەت تولمىسۇن.
گۈلنى باقساڭ ئاسرىغىل كۆڭۈل قويۇپ،
ھۆسنىگە تولغاي، ۋاقىتسىز سولمىسۇن.

* * *

بوۋاڭنىڭ سۆزىنى ئورۇنسىز يەشمە،
غەيرىيلەر تىلىدىن سۆز قوشۇپ ئەشمە.
ئەشمەڭنى خالايىق چۈشەنمىسە گەر،
يەشمەڭگە كەتمەسمۇ يەنە بىر يەشمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

نان بەرگەن، تۇز بەرگەن، قوينىغا ئالغان
قەدىردان ئېلىڭنى ئاسرا ئەي پالۋان.
سۈت بەرگەن باغرىغا بىسىپ ئۆستۈرگەن
ۋاپادار ئاناڭغا ۋاپا قىل ئوغلان.

* * *

چىن مۇھەببەت بولمىسا، سۆيگۈ ماڭا
ھاجەت ئەمەس،
رابى ساداقەت بولمىسا، مېھرى ماڭا
ھاجەت ئەمەس.
ئاق كۆڭۈل ئەلا ماڭا، گەر دوقا ماڭلاي
بولسىمۇ،
قەلبى گۈزەل بولمىسا، ھۆسنى ماڭا ھاجەت
ئەمەس.

* * *

ئايا دوست، قەدىردان دوستۇڭنى سەن
بىھۇدە زار قىلما،
ساڭا قىلغان ئەقىدە، رەنجىتىپ نامەردكە
خار قىلما.
يادا باققاندا ئۇ سەن بىلەن تەڭ ئوخشاش
جاپا چەككەن.
ياڭاق چاققاندا ئۇنتۇپ، سەن ئۇنى
ئىزدەشنى ئار قىلما.

* * *

ئانا تىل يولىغا قازمىغىل قانال،
خالايىق ئۆتەلمەي بولمىسۇن مالال.
سۆزۈڭنى كىشىلەر چۈشەنسۇن دېسەڭ،
خەلقىڭ تىلىنى قىلمىغىل قامال.

* * *

گۆھەرنى تاش ئورنىدا ساتقانمۇ بارمۇ؟!
خەس ئورنىدا خارلاپ يەرگە ئاتقانمۇ
بارمۇ؟!
يەشمىلەرنى چۈشەنمىسە كىملەر ئەيىبكار؟
"بىلمىسىز" دەپ خەلققە گۇناھ ئارتقانمۇ
بارمۇ؟!

* * *

جاھالەت، خۇراپات ئەپكىلەر ئاپەت،
بولغايدۇ دىللارنى سالار پالاكەت.
ئىشانلار، سوپىلار، باخشى، رەممالار،
ھەممىسى ئالدامچى، ئىشى جىنايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## غەنىزات غەيىۇرانى

ئىلىم پەقەت ياقتۇرمايدۇ يالغاننى،
كىم كۆرۈپتۇ ئىلىم بوياق ئالغاننى.
كۆرمىسەمتىم ”ئالىم مەن“ دەپ مۆنبەردە،
خالايىقنىڭ هايت ـ هۇيتىغا قالغاننى.

*　　*　　*

هەيۋە بىلەن قول كۆتۈردىڭ بوزەككە،
غەزەپ بىلەن سالدىڭ ھەتتا تەستەككە.
ئىچىدىن ئۇ بىر ئۇھ تارتتى، ئويلىما
شۇ ئۇھ تارتىش كەلمەيدۇ دەپ كىرەككە.

# قادىر ھاپىز

ھەقىقەت مەرد ئۈچۈن كۆزىنىڭ قارىقى،
مىڭ قۇياش نۇرى بار دىلىنىڭ چىرىقى.
زاتىدىن تۈن خۇمار شەپىرەڭلەرگە،
قاراڭغۇدا چىراغنىڭ نېمە كېرىكى.

*　　*　　*

نەدە بار ھۆكەرنىڭ كۆكتىن كۆچكىنى،
نەدە بار گۆھەرنىڭ جۇتتىن ئۆچكىنى.
يانغىن بوپ لاۋۇلدار ئىجازەت كۈتمەي،
ھەقىقەت ئوتىنىڭ ھەربىر ئۇچقۇنى.

*　　*　　*

ياشا بولۇپ ئەلنىڭ مېھرىگە شەيدا،
تەرىڭدىن چۆللەردە باغ بولسۇن پەيدا.
بىبەھرى گىيادىن تۇپراقمۇ بىزار،
"مەن"لا دەپ ئۆتكەندىن ئەلگە نە پايدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كېرەم مىجىت

چىقسا تۆر بېشىغا گۆدەك باللار،
دېمىگىن سەن ئۇنى ئىشى چاللار.
”ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا“ دېگەنىغۇ،
ئىش بۇزغان بالا ئەمەس، ئىچى ئاللار.

* * *

يورغا يىل چاپسىمۇ قالمايدۇ ھېرىپ،
بىزلەرنى قېرىتار بىر يەرگە بېرىپ.
يىللارغا تەڭ تۇرۇپ ياشايمەن دېسەڭ،
قىل ھۈنەر-بىلىمگە ئەقلىڭنى سەرىپ.

* * *

ئەي دوستۇم، گەر تۇتساڭ ئىشنىڭ بېشىنى،
ئاڭقارغىن زەڭ قويۇپ ئىچى-تېشىنى.
تۇتمىساڭ توغاننى كەلگۈندىن بۇرۇن،
سۇ كېتىپ، قاشلايسەن ئېرىق قېشىنى.

# ماخمۇت زەيدى

ئەل ياخشى كۆرمەيدۇ ھۇرۇن كىشىنى،
قار باسىدۇ ئۇنىڭ قالغان ئىشىنى.
ھۇرۇنغا بۇلۇتنىڭ سايىسىمۇ يوق،
سەپەردە قۇم باسار ئۇنىڭ بېشىنى.

* * *

بىلىمدۇر خورىماس ـ تۈگىمەس مۈلۈك،
بولغۇسى سەپەردە دەرياغا كۆۋرۈك.
نۇر بىلەن ئاسمانغا يول سالدى ئادەم،
قەلەم ئۆز نۆۋىتىدە ئاسمانغا تۈۋرۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

## ماخمۇت مەھەممەت

يالغانچى تۆھمەت توقار، ئىنزا بولماس،
يالغاندىن ئۆزگە ئاڭا غىزا بولماس.
جاھاننى ئۆز كۆڭلىدەك سانايدۇ ئۇ،
سۆزىگە ئىشەنمىسەڭ، رىزا بولماس.

*　　*　　*

يۈرەكنىڭ تىلىدۇر شائىرنىڭ كۈيى،
ئۇ گويا شاۋقۇنلۇق دەريانىڭ سۈيى.
تىلىكى: شۇ كۈيى ياقسا ئېلىگە،
شۇ بولار ئەڭ كاتتا شائىرلىق تويى.

*　　*　　*

ئۆسسىمۇ مەرتىۋەڭ ئامەت كېلىپ ئوك،
تۇتمىغىن ئۆزەڭنى دوستۇم زادى چوڭ.
ماختانچاق ئادەمنىڭ خاراپتۇر ھالى،
مەنمەنلىك دەرىخى مېۋە بېرەر توڭ.

*　　*　　*

بولدى سېنىڭ كېسىلىڭگە ھاراق سەۋەب،
ھاراققا بەڭباش ئارزۇ، قاۋاق سەۋەب.
بەس، ئەمدى يېڭى ھايات باشلىشىڭغا،
ئەي يىگىت، بولسۇن ئاشۇ ساۋاق سەۋەب.

*   *   *

خۇشاللىقا بەلگە ئەمەس كۈلكىلا،
كىشى بەزەن خۇشال بولماس كۈلسىلا.
ئويلىمىغىن يىغا كۆرسەڭ قايغۇ دەپ،
ئاددىي ئەمەس ئىكەن ھايات ئانچىلا.

*   *   *

بەخت ھەركىمنىڭ چىن مۇددىئاسى،
ئۆزگىدۇر ھەركىمنىڭ ئاڭا باھاسى.
بەختىم شۇ: بىر ئۆمۈر ئەلنىڭ بەختىچۈن،
ئاتىسام بارىمنى، بولسام پىداسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مەھەممەت رەھىم

كىشىلىك دۇنياسى زىددىيەتكە لىق،
دېگىنىمۇ دولقۇنلۇق، بەزىدە سىلىق.
زىددىيەت ئېيتىدۇ: بالام ئىنقىلاب،
ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن نەۋرەم — يېڭىلىق.

* * *

جاھان قوينىنى يورۇتقان كۈرەش،
مەھكۇمنىڭ يېشىنى قۇرۇتقان كۈرەش.
قەيەردە زۇلۇمنىڭ ئۆسسە خورىكى،
شۇ يەردە ئۆزىنى تونۇتقان كۈرەش.

* * *

ئۆگىنىپ سائەتنىڭ ياۋاش تىلىنى،
يۈرگۈزۈپ، توختىتىپ باقتىم قىلىنى.
بىراق ۋاقىت سائەتتەك ياۋاش بولمىغاچ،
ھېچ نەرسە توسالماس ئۇنىڭ يولىنى.

* * *

تىنىمسىز ئاقىدۇ چارچىماس دەريا،
ۋاقىتمۇ دەريادەك ئاقىدۇ گويا.
شۇڭغۇساڭ دەرياغا ئالىسەن گۆھەر،
لەيلىسەڭ ئۆمرۈڭنى قىلىسەن زايا.

*　　*　　*

كىشىلەر ياقتۇرار سېخىيلىقىڭنى،
خەيرىخاھ، ھەممەتكە ئېچىلىقىڭنى.
ۋاقتىنىڭ خاھىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ياقتۇرار ئۇ سېنىڭ بېخىللىقىڭنى.

*　　*　　*

ۋاقتىنى ئالتۇندىن قىممەت دەپ تۇرۇپ،
خەس بىلەن تەڭ قىلما بىكار ئولتۇرۇپ.
ۋاقتىنى قاچۇرغان يوچۇق-كاۋاكنى،
زەر گۆھەر بىلەنمۇ بولماس تولدۇرۇپ.

*　　*　　*

بۇلۇتسىز زىرائەت يامغۇرى ياغماس،
مېھنەتسىز ھالاۋەت يامغۇرى ياغماس.
مىسلىسىز جاپالىق مەرىپەت ئىشى،
ئۇنىڭسىز سائادەت يامغۇرى ياغماس.

*　　*　　*

ئۆيۈڭگە قارىسام ئېلېكتر چىراق،
دىلىڭنى پايقىسام قاراڭغۇ، يىراق.
زامانىنىڭ سوئالى تۇرسا جاۋابسىز،
ساۋادىم بار دېيىش ئەقىلدىن يىراق.

*　　*　　*

ھايۋانمۇ بىر مەخلۇق، نادانمۇ مەخلۇق،
بۇلارغا كېرىكى تېرىكلىك، توقلۇق.

www.uyghurkitap.com

خۇي ـ پەيلى جەھەتتىن ئوخشايدۇ تۇلار،
جىسمانەن شۇنچە پەرق مەۋجۇت تۇرۇقلۇق.

*　　*　　*

ئۆمۈرنى ئوخشاتساڭ ئاققان ئېقىنغا،
ياشلىقنى ئوخشاتقىن چاقماق ـ چېقىنغا.
چېقىندەك چېغىڭدا باغلىغىن دەرھال،
بىلىم رىشتىسىنى يۈرەك قېتىڭغا.

*　　*　　*

ياشلىقتا باشلانغان ئويۇن ـ كۈلكىدىن،
غالىبلىق جاي ئالار كۆڭۈل مۈلكىدىن.
ئاھ ئىسىت ياشلىقىم، دەپلا قالىسەن،
نۆۋىتىڭ كەتكەندە ھايات ئۈلكىدىن.

*　　*　　*

ياشلىقىڭ ھۆسنىنى گۈلگە قىياس قىل،
بۇ گۈلنى جۇدۇندىن، زاغدىن خالاس قىل.
توزىماس قەغەزگۈل بولىمەن دېمەي،
توزساڭمۇ خەلقىڭگە ئۇرۇق مىراس قىل.

*　　*　　*

باغۋەنسىز ياشلىققا ئوغرى ھەمنەپەس،
ئەڭ يامان ئوغرىسى ھاۋايۇھەۋەس.
تۇتۇلغان بولسىمۇ بارچە ئوغرىلار،
ياشلىقنىڭ ئوغرىسى تۇتۇلغان ئەمەس.

*   *   *

مۇھەببەت ھاياتقا چەكسىز ئەقدە،
تەرىپى ـ تەسۋىرى مىڭ ـ مىڭ قەسىدە.
ئۆلۈمدىن كۈچلۈكمەن مۇھەببەت بىلەن،
ئۇنىڭسىز يۈرىكىم سالار بىھۇدە.

*   *   *

يىللارنى ئوخشاتسام ئۇچقان تۇرنىغا،
تۇرنىلار كېلىدۇ قايتىپ ئورنىغا.
كەلمەسكە كېتىپتۇ ياشلىقىم ئۇچۇپ،
غەپلەت تۇمارىنى ئېسىپ بوينىغا.

*   *   *

ماختاشنى ئېغىزدا سۆيمەيدىغانسىز،
ئەمەلدە نېرى تۇر، دېمەيدىغانسىز.
كەلسە ئۇ تەخسىدە شېرىن سۆز بولۇپ،
ئۇنتۇپ تاماقنى يېمەيدىغانسىز.

*   *   *

ماختاشلار كۆڭۈلگە بەرگەندە لەززەت،
ئەقلىنىڭ كۆزىنى توسايدۇ غەپلەت.
ھەق سۆزدىن ماختاشنى ئەتىۋار بىلسەڭ،
تاغ بولۇر سەندىكى تۆگمىدەك ئىللەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نەمەت ناسىر

ئاقىللار سۆزىنى ئويلاپ سۆزلەيدۇ،
ئىشىدا يىراقتىن نىشان كۆزلەيدۇ.
نادانلار قۇرسا بوكۇنى شەھەر،
ئەتىلا پۇشمان يەپ ئۇنى توزلەيدۇ.

*　　*　　*

چېقىمچى ئالدىڭدا ماختار گەپ بىلەن،
ئارقاڭدىن قارغايدۇ "توختا خەپ" بىلەن.
ھېجىيىش، ھومىيىش نۆۋەتى ئۇنىڭ،
ئالمىشار ئاردىن ئالغان نەپ بىلەن.

*　　*　　*

بەزىلەر خەلق دەپ جاپا تارتىدۇ،
بەزىلەر تاپىشىم دەپ يوكنى ئارتىدۇ.
تەييارغا ھەييا بوپ يورگەن ساياقلار،
پوچەك ياماققا ۋىجدان ساتىدۇ.

*　　*　　*

پاك نىيەت قىلىدۇ ياخشىنى ئۈلگە،
بېغىنى ئورايدۇ خۇش پۇراق گۈلگە.
ئەل ئۈچۈن نەپ بېرىش ئاڭا شان-شەرەپ،
غادايغان كىشىنى تەك كۆرەر نۆلگە.

*　*　*

باغ دېمەس كىشىلەر تىكەنلىك يەرنى،
مەرد دېمەس ھېچقاچان ئىش سۆيمەس
ئەرنى.
ئەزىزلەپ بېشىدا كۆتۈردۇ ئەل،
ئەلنىڭ غېمىنى يەپ كىم تۆكسە تەرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## ھاكىم جاپپار

مەنمەنچىگە باشقىلار زادى يارىماس،
يامىشار ئۇ ئېگىزگە، پەسكە قارىماس.
قاپىلىغاچقا كۆڭلىنى پەسكەشلىك كىرى،
ھەق بىلەن ناھەقنى پەقەت ئايرىماس.

*　　*　　*

ئىلىم ـ پەن كۆتۈرمەس ئالدامچىلىقنى،
يا ھەيۋىنى ياكى چاپانچىلىقنى.
بولمايدۇ ھېچقاچان ئەپلەشتۈرگىلى،
سەمىمىيلىك بىلەن يالغانچىلىقنى.

*　　*　　*

ئىچى تارنىڭ كەسپى ھەسەت، كۈنچىلىك،
سىغمايدۇ ھەققەت ئاڭا قىلچىلىك،
غادايغىنى بىلەن يۈرىكى پوك ـ پوك،
چۈنكى ۋۇجۇدىدا دەسمى شۇنچىلىك.

*　　*　　*

بىرلىك ئۇمىلاۋك چىڭ بولسا، قۇدرەت
تولىدۇ،
شۇ قۇدرەتتىن ئەلگە بەخت كېلىدۇ.

ئەل يىغلىسا كۆزۈڭدىن تۆكۈلمەسمۇ ياش،
ئەل كۈلسىلا، سىنىڭمۇ كۆڭلۈڭ كۈلىدۇ.

* * *

ھە دىسە، مەن بىلمەن دىمە ھەممىنى،
"مەن" ئايرىيدۇ ھەقىقەتتىن، ئادەمدىن
سىنى.
"مەن" دىمەستىن زادى كىم شەرمەندە
بولغان،
كىم تارتمىغان دۇنيادا "مەن"نىڭ دەردىنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ھوشۇر ئىبراھىم

باشقىلار چاينىغان ناندا تەم بولماس،
ئۆز ھالال ئەجرىڭنىڭ نەرقى كەم بولماس.
ھەمىشە ئۆزگىنىڭ ئىزىدىن ماڭساڭ،
ئۆمۈر بويى سەندە ئەقىل-پەم بولماس.

* * *

نامەردلەر ئۆتىدۇ يالغان گەپ قىلىپ،
ئازدۇرۇپ ئۆتۈشنى شان-شەرەپ بىلىپ.
مەقسىتى مەرتىۋە ئىزدەش، سەمرىش،
باشقىلار ئەجرىدىن ھايان نەپ ئېلىپ.

## ئوسمانجان ساۋۇت

تەئەججۇپ ئەيلىمە چاقتى دەپ چايان،
بۇ ئاڭا تۇغما خۇي، ھەممىگە ئايان.
تىغ ئۇرۇپ تەنلەرگە تاپالماس لەززەت،
پەقەت ئۇ قىلىدۇ پەيلىنى يامان.

* * *

"بۇ يەرنى سۇ باسسۇن، كېتەي مەن بەدەر،
تاپارمەن ياخشى يەر ۋە ياخشى دىلبەر"
دېدى بىر دوستىمىز ئاغرىنىپ يۇرتتىن،
دېدىم مەن: "ياخشى سەن — ياخشى
ھەممە يەر"

* * *

ۋەدىدە تۇرمايدۇ ۋاپاسىز كىشى،
جانانغا يېتەلمەس جاپاسىز كىشى.
قۇل تۇرۇپ "شاھ مەن" دەر ھاياسىز كىشى،
قۇياشتەك نۇرلۇقتۇر تاماسىز كىشى.

* * *

ھەسەتنى تەرك ئەتكىن ھاياتمەن دېسەڭ،
"ئۆزەم"گە قۇل بولما ئازادمەن دېسەڭ.

پەخرىڭنى قوزغىغاي دوستلار غەلبىسى،
ئېلىمگە، خەلقىمگە قاناتىمەن دېسەڭ.

* * *

ھەقىقەت كەمەردە باغلاي بىلىمنى،
بۇ يولدا ئاققۇزاي مەيلى قېنىمنى.
يالغان سۆز، لاپ بىلەن تاج كىيگىنىمدىن،
رازىمەن راست سۆزلەپ بەرسەم جېنىمنى.

www.uyghurkitap.com

## ئىمىن تۇرسۇن

كۆرمىسەممۇ مەيلى راھەت ئۆمرۈمدە مەن،
جانانىمغا تىلەي ئەزگۈ كۆڭلۈمدە مەن.
يەتسە قۇربىم، ئاڭا جەننەت بەرپا قىلىپ،
ساقىي بولاي، بەزمە تۈزۈپ كۆكسۈمدە
مەن.

* * *

بەزى مەخلۇق يار ـ دوستىغا توزاق بولۇر،
تۆھمەت بىلەن ئوت يېقىشقا قوزاق بولۇر.
يامانلىقتىن ئۆزگە ئەمەل ئۇنىڭغا يات،
گۇناھسىزنى كۆيدۈرۈشكە دوزاخ بولۇر.

* * *

ھەقىقەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى كۆڭلى قارا،
ئىش ـ ئەمەلى پىتنە تېرىش ئەل ـ يۇرت
ئارا.
بىرەر مەزگىل تاپماي بازار ھايانكەشتەك،
بارار جايى قۇتۇلغۇسىز تەھتىسارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ياسىن خۇدابەردى

قەدرىنى بىل، سەن ئۈچۈن ھايات بىر قېتىم،
ئۆزەڭنى بىلەلمەي قالمىغىن يېتىم.
نە مەنسەپ، بايلىق باقىۋەند ئەمەس،
ئەلگە بېغىشلانساڭ ئاشار قىممىتىڭ.

*　*　*

ياخشىنىڭ يولىغا سالسام پاياندار،
ھەسەتخور بەندىلەر قىلار ئېتىراز.
ئاق كۆڭۈل ئىنسانغا تاغلار باش ئېگەر،
يۇلتۇزنى گۈل قىلىپ سۇنساڭ يەنە ئاز.

*　*　*

ھەسەتخور ياشايدۇ خەقنى كۆرەلمەي،
كۆتۈرۈپ بېشىنى ئەركىن يۈرەلمەي.
ئۇ ياشار گويا بىر تىرىك مۇردىدەك،
يىغلاشنى بىلەلمەي ياكى كۈلەلمەي.

*　*　*

كەمتەرگە كەمتەر بول، ئەگرىگە ھامان باش،
ئۆزەڭنى ئاي بىلسەڭ، ئۇنى بىل قۇياش.

تەكەببۇر ئالدىدا نۆكچەيمە ھەرگىز،
ئۆلسەڭمۇ كۆزۈڭدىن ئاققۇزمىغىن ياش.

* * *

دەھشەتتۇر دانالار يېشى تۆكۈلسە،
دانىشمەن ئۈستىدىن نادانلار كۈلسە.
مىڭ ئەپسۇس غادايغان مەلئۇن ئالدىدا،
ئالتۇندەك پازىلنىڭ قەددى پۈكۈلسە.

* * *

رازىمەن بەختىمنى ئەجرىدىن تاپسام،
خەلقىمنىڭ ئارزۇسىن شېئرىمغا قاتسام.
سېزىمەن ئۆزەمنى بېھىش-جەننەتتە،
كۆز يۇمۇپ ۋەتەننىڭ قوينىدا ياتسام.

* * *

ھاياتنىڭ باغرى كەڭ، سەپىرى ئۇزاق،
بېسىلغان ھەر قەدەم ئەسلى بىر سىناق.
كىم كەڭنى تار قىلسا، يىللىقنى سوغاق،
بولغۇسى خەلقنىڭ قەلبىدىن يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

**柔 巴 依 选**

**铁依甫江整编**

（维吾尔文）

民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米 1/36 印张：3 3/4
1988年10月第1版
1988年10月北京第1次印刷

印数：0001—2,000册
统一书号：M10049(4)240 定价：0.74元

ISBN 7—105—00375—8/I·74

责任编辑：赛买提
封面设计：刘家峰

统一书号：M10049(4)240　定价：0.74元
ISBN　7—105—00375—8/I・75